# تەۋھىد ئاساسلىرى

فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَٰهَ إِلَّا اللَّهُ

بىلگىنكى ، الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد(بەرھەق)يوقتۇر




ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەردىن تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايدىغىنىمىز ؛ ئاللاھنىڭ بىزلەرنى ھىدايەت قىلىشىنى ۋە ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلىشىنى شۇنداقلا ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ھەققى مۇسۇلمان بولۇپ ياشاپ،ھاياتىمىزنى ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىپ ئەڭ ئاخىرى شەھىدلىك بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى يەككە ـ يىگانە ئاللاھتىن سوراپ قويۇشلىرى بىلەن بىرگە ،بۇ كىتاپچىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن قىممەتلىك بۇيۇم سۈپىتىدە ساقلاپ قويماستىن بەلكى ئۆزىنىڭ،ئائىلىسىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىغا سېلىشتۇرۇپ كۆڭۈل قويۇپ،مۇلاھىزە قىلىپ ۋە تەپسىلى ، قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقىشلىرىنى سورايمىز.

‹‹تۈركىستان ئوغلانى››.

‹‹ بلگنكى ، الله دىن باشقا (بويسۇنۇش ۋە بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا لايىق) ھېچ مەئبۇد (يەنى چوقۇنۇشقا تېگىشلىك زات) يوقتۇر ›› .

(سۈرە مۇھەممەد 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) .

‹‹ ئى مۆئمىنلەر ! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ ؟ . الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر ، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار ۋە جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر ، ئەگەر بىلسەڭلار ، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر . (شۇنداق قىلساڭلار) الله سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ ، دائىمي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا (تۇرغۇزىدۇ) ، بۇ چوڭ مۇۋاپىقيەتتۇر ›› .

(سۈرە سەپ 10 ، 11 ، 12 ـ ئايەتلەر) .

# ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن .

## كىرىش سۆز

تەۋھىد ئىلمى دىنىمىزنىڭ ئۇلى،ئىبادىتىمىزنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتى،دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەت تېپىشىمىزنىڭ ئاچقۇچى،مۇشۇ سەۋەپتىن بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان كىتابلار يېزىلدى.بۇ ھەقتىكى كىتابلار يېتەرلىك بولسىمۇ،لېكىن ھەر بىر مۇسۇلمان ئىمانىنى ساقلاپ قېلىشتا ئەڭ زۆرۈر شەرت بولغان تەۋھىد پىرىنسىپلىرىنى ۋە ئەمەلىيلىشىش ئۇسۇللىرىنى ھەر ۋاقىت ھەممىنى بىردەك ئەسلەپ تۇرۇشقا مۇۋاپىق بولمىغاچقا،ئەنئەنىۋى ۋە يېڭى زامان كىتابلىرىدىن پايدىلىنىپ ‹‹تەۋھىد ئاساسلىرى ›› ناملىق بۇ رىسالە يېزىلدى .

ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ بۇ رىسالە ئىچىدىكى سۇئال ـ جاۋاپلارنى يادلىشىنى ھەمدە ئۆز ھاياتىدا ئىجرا قىلىشىنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن .

ئىنسان خاتالىقتىن خالى بولمىغاچقا،تىرىشقان بولسامۇ خاتالىقلار كۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن،ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈزۈتۈپ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن .

زاتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ۋە سەلتەنىتىنىڭ كاتتىلىقىغا لايىق سان ـ ساناقسىز مۇبارەك گۈزەل مەدھىيەلەر ئاللاھقا خاستۇر.

ئاللاھتىن باشقا ھېچ ياراتقۇچى يوقتۇر.ئاللاھنىڭ دوستىدىن باشقىنى دوست تۇتمايمىز.ئاللاھنىڭ ھۆكمىدىن باشقا ھېچقانداق ھۆكۈمنى ئېتراپ قىلمايمىز.ئاللاھقا ھېچ بىر كىشىنى ۋە ھېچ بىر نەرسىنى شېرىك قىلمايمىز.ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا لايىق ھېچ بىر كىشى يوقتۇر.ئەگەر كاپىرلار يامان كۆرسىمۇ دىنىمىزنى ئاللاھقىلا خالىس قىلغان ھالدا ئىبادەت قىلىمىز.ئاللاھنىڭ ئەڭ يارىشىملىق رەھمەت ۋە خاتىرجەملىكلىرى داھىيمىز ،يولباشچىمىز،ئۈلگىمىز ۋە قەدىردان دوستىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولسۇن. پەيغەمبىرىمىزنىڭ نامىزى،قۇربانلىقى ۋە ھايات ـ ماماتى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈنلا ئىدى .ئۇنىڭ بارلىقى ئاللاھ ئۈچۈنلا ئىدى،سۆزلىسە ئاللاھ ئۈچۈنلا سۆزلەيتتى،سۈكۈت قىلسا ئاللاھ ئۈچۈنلا سۈكۈت قىلاتتى، قايغۇرسا ئاللاھ ئۈچۈنلا قايغۇراتتى،خۇشال بولسا ئاللاھ ئۈچۈنلا خۇشال بولاتتى،ياخشى كۆرسە ئاللاھ ئۈچۈنلا ياخشى كۆرەتتى،ئۆچ كۆرسە ئاللاھ ئۈچۈنلا ئۆچ كۆرەتتى،بەرسە ياكى بەرمىسە ،سۈلھى تۈزسە ياكى ئۇرۇشسا ھەممىنى ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلاتتى.ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرىدىن رازى بولسۇن.ئۇلار ئاللاھ ئۈچۈن دىنىنى خالىس قىلغان،ئاللاھ ئۆز دىنىغا تاللىغان،ئاللاھ ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان،ئاللاھ ئۈچۈن ئورۇن بەرگەن ....... ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان ۋە ئاتا ـ ئانىلىرى،پەرزەنتلىرى،قېرىنداشلىرى ، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى،ئىرىشكەن ماللىرى،كاساتلىشىدىن قورقۇۋاتقان تىجارىتى ۋە خۇشال ـ خۇرام ياشاۋاتقان يۇرت ـ ماكانلىرىدىنمۇ ئاللاھنى،ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنى ئارتۇق بىلگەن كىشىلەردۇر. ئاللاھ قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغان كىشىلەردىنمۇ رازى بولسۇن !!! (ئامىن).

## 1 ـ س : ئىسلام دىنى قانداق دىن ؟.

ج : ئاللاھ بەندىلەر ئۈچۈن رازى بولغان،توغرا ئېتىقاد،توغرا غايە ۋە توغرا قانۇن ـ ئىنتىزامنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ، ھەمدە ئىنسانىنى ئىنسانغا قۇل بولۇشتىن يىگانە ئاللاھنىڭ قۇللۇقىغا ئېلىپ چىقىپ،بارلىق ھاكىمىيەتنى ئاللاھقا تاپشۇرۇشنى باش نىشان قىلغان دىندۇر .

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ ؛ {ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام دىنىدۇر} (ئال ئىمران 19 ـ ئايەت).

## 2 ـ س : ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق يىلتىزلىرى قايسى ؟.

ج : ئىمان ، ئىسلام ۋە ئېھساندىن ئىبارەت.

## 3 ـ س : ئىمان دېگەن نىمە ؟.

ج : ئىمان دىگەن تىل بىلەن ئىقرار قىلىپ،قەلبى بىلەن تەستىقلاش ۋە ئەمەلىيىتىدە ئىجرا قىلىش ئىمان دېيىلىدۇ.

## 4 ـ س : ئىماننىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكلىرى قانچە ؟.

ج : ئالتىدۇر ؛ 1 ـ ئاللاھنىڭ بار ۋە بىرلىكىگە،ھەمدە پۈتكۈل مەخلۇقات ـ مەۋجۇداتلارنىڭ ھاكىمى ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنىش.
2 ـ پەرىشتىلەرنىڭ نۇردىن يارىتىلغانلىقىغا،ھەر بىرىنىڭ خاس ۋەزىپىسىنىڭ بارلىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئىنسانىي خۇسۇسىيەتتىن خالى بولۇپ،پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقىغا قىلچە ئاسىيلىق قىلمايدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىش .
3 ـ ئاللاھ چۈشۈرگەن بارلىق ساماۋى كىتابلارنىڭ ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتكە باشلايدىغانلىقىغا،جۈملىدىن قولىمىزدىكى ‹‹ناسىخ،مەھپۇز››خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمنىڭ قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىش.
4 ـ ئاللاھنىڭ ھەر بىر ئۈممەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكىگە،ئۇلارنىڭ ئۆز قەۋمىگە كىتاب سەھىپىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ھەركىتى ئارقىلىق ھەقنى ئۆگەتكەنلىكىگە،جۈملىدىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)قىيامەتكىچە بارلىق ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىش.
5 ـ ھەر بىر ئىنسان بارلىق سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن ھېساب بېرىپ،ئىمتىھان نەتىجىسىنى كۆرىدىغان قىيامەت كۈنىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا كەسكىن ئىشىنىش.
6 ـ تەقدىرگە يەنى كائىناتتىكى بارلىق ئىشلارنى ئاللاھنىڭ ئالدىن بىلىپ،ئۆزى خالىغان قانۇنىيەتتە ئورۇنلاشتۇرۇپ،ئاندىن لەۋھۇل ـ مەھپۇزغا يېزىپ،شۇ ئىشلارنىڭ ئىچىدىن ئىنسانلار ھېساب بېرىدىغان ئىشلار (يەنى تاللاشقا ئىختىيارلىق بېرىلگەن ۋە قىلىشقا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىنغان ئىشلار) نى ئىنسانلارنىڭ قىلىشى بىلەن ۋە باشقا ئىشلارنى ئۆزى بىۋاستە قىلىش بىلەن ۋۇجۇتقا چىقارغانلىقىغا،ئاللاھ خالىغان ئىشلار ئىچىدىكى ئىنسانلار ھېساب بېرىدىغان ئىشلار (يەنى ئاللاھ رازى بولىدىغان ۋە رازى بولمايدىغان ئىشلار) دا ئۇلارغا تاللايدىغان ئىرادە ۋە ئىجرا قىلىدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىلگەچكە،ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئىنسانلارنى خاتالىققا مەجبۇرلىمايدىغانلىقىغا ۋە ھىدايەت تەلەپ قىلغان كىشىنى ئاللاھنىڭ ھىدايەت قىلىدىغانلىقىغا،ھىدايەتنى ئۆچ كۆرۈپ ئازغۇنلۇقنى تاللىغان كىشىنى ئازدۇرۇدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىش .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن ؛ ‹‹ئىمان دىگەن ئاللاھقا،ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە،كىتابلىرىغا،ئاخىرەت كۈنىگە،ئەلچىلىرىگە،ھېساب بېرىش ئۈچۈن تىرىلىشكە ۋە تەقدىرنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىشتۇر››.(مۇسلىم رىۋايىتى)

## 5 ـ س : ئىسلام دىگەن نىمە ؟.

ج : كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇنغاندەك،ئىنساننىڭ ئىدىيە،سۆز ۋە پائالىيەتلىرىدە ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇشى ئىسلامدۇر.

## 6 ـ س : ئىسلامنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكلىرى قانچە ؟.

ج : بەشتۇر ؛ 1 ـ ئاللاھدىن باشقا بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىش (يەنى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش) قا لايىق ھېچ كىشىنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن،ھەق پەيغەمبەرلىكىگە سەممىي قەلب بىلەن گۇۋاھلىق بېرىش.
2 ـ بەش ۋاخ نامازنى پەيغەمبىرىمىز كۆرسىتىپ بەرگەندەك ئوقۇش.
3 ـ تىجارەت،زىرائەت ۋە چارۋىلاردىن شەرىئەت كۆرسىتىپ بەرگەن ئۇسۇلدا زاكات بېرىش.
4 ـ رامىزان روزىسىنى ئاللاھنىڭلا رازىلىقىنى كۆزلەپ تۇتۇش.
5 ـ ئىقتىساد ۋە شارائىت يار بەرگەندە بەيتۇللاھنى ھەج تاۋاپ قىلىش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن ؛ ‹‹ئىسلام بەش نەرسىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلدى.1 ـ ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا قۇلچىلىق قىلىپ،ئاللاھتىن باشقا بارلىق مەئبۇدلارنى (يەنى ئۆزىنى مەئبۇد ئورنىغا قويۇپ ئۆزىگە ئوخشاش بولغان ئىنسانىيەتنى قۇل قىلىش رەزىل مەخسىتىدە بولۇۋاتقان پەسكەش ئىنسانلارنىڭ

هاكىمىيتى، قانۇن ـ تۈزۈمى، (قانۇن ـ تۈزۈم ؛ ‹پۇقرالارنى ئىدارە قىلىش نىزامنامىسى›، (يېزا ئىگىلىك باشقۇرۇش سىياستى)، (توققۇز يىللىق مەجبۇرى مائارىپ قانۇنى)، ............ دىگەندەك مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلغان ھەر قانداق نىزاملار ئىنسانىيەتنى قۇل قىلىپ قېنىنى شوراش سىياستىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر). ئۆرپ ـ ئادىتى، قىممەت قارشى ۋە ھېسيات ئۇقۇمى، ....... قاتارلىقلارنى) ئىنكار قىلىش . (يەنى ئۇلارنىڭ ھەر قانداق قانۇن ـ تۈزۈم، يولىيورۇق ۋە كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش ئېلىپ بارماسلىق دىگەنلىكتۇر).

2 ـ (بەش ۋاقىت) نامازنى ئادا قىلىش. 3 ـ زاكات بېرىش. 4 ـ ھەج قىلىش. 5 ـ رامىزان روزىسىنى تۇتۇش››. (مۇسلىم رىۋايىتى) . ئىسلامنىڭ يۇقارقى بەش ئاساسى تۈۋرۈكلىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنۇ مۇبارەك ھەدىسىدىكى بەش تۈرلۈك ۋەسىيەتنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن ؛ ‹‹مەن سىلەرنى ئاللاھ مىنى بۇيرىغان **جامائەت، ئاڭلاش، ئىتائەت قىلىش، ھىجرەت ۋە جىھادتىن** ئىبارەت بەش ئىشقا بۇيرۇيمەن، كىمكى جامائەتتىن (بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان جامائەت كىشىلەرنىڭ كۆپ بولىشى بولماستىن بەلكى ھەر قانچە ئاز بولۇشتىن قەتئىي نەزەر ئىسلام ھۆكۈملىرىنى ئۆز ھاياتىدا ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان، ھەمدە ئىسلامى خەلىپە ياكى ئەمىرگە ئىگە بولغان ئىسلامى جامائەتتۇر). بىر غېرىچ يىراقلىشىدىكەن تاكى جامائەتكە قايتمىغۇچە ئىسلامنىڭ ئارغامچىسىنى بويىنىدىن سېلىۋەتكەن بولىدۇ، كىمكى جاھىلىيەت چاقىرىقلىرىغا چاقىرىدىكەن جەھەننەم ئەھلىدىن بولىدۇ››، ساھابىلار ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ ! ئەگەر ئۇ ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتسىمۇ شۇنداق بولامدۇ ›› دىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ؛ ‹‹ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتسىمۇ ۋە ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلسىمۇ شۇنداق بولىدۇ›› دىدى. (تىرمىزى رىۋايىتى).

## 7 ـ س : ئېھسان دىگەن نىمە ؟.

ج : ھەر قانداق مۇسۇلمان ئىبادەت قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئۆزىنى ئاللاھنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلەپ ئاللاھنى كۆرگەندەك سەممىيەت بىلەن ئىبادەت قىلىش . (گەرچە بىز ئاللاھنى بۇ ئاجىز كۆزلىرىمىز بىلەن كۆرەلمىسەكمۇ ئاللاھ بىزنى ھەر دائىم ھەر ۋاقىت كۆرۈپ تۇرىدۇ).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن ؛ ‹‹ئېھسان دىگەن ئاللاھنى كۆرگەندەك ئىبادەت قىلىش، سەن ئاللاھنى كۆرمىسەڭمۇ (كۆرەلمىسەڭمۇ) ئاللاھ جەزمەن سىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ››. (نەسەئىي رىۋايىتى).

## 8 ـ س : ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇشنىڭ شەرتلىرى قانچە ؟.

ج : توققۇزدۇر ؛ 1 ـ تەۋھىد 2 ـ نۇبۇۋۋەت 3 ـ تەۋەللا 4 ـ تەبەررا 5 ـ تەۋەككۇل 6 ـ ئەدلى 7 ـ ئەمامەت 8 ـ ئەمرى ـ مەئرۇپ، نەھىي ـ مۇنكەر 9 ـ جىھاد .

## 9 ـ س : تەۋھىد دىگەن نىمە ؟.

ج : ئاللاھنى زاتتا، ئىسىم ـ سۈپەتتە، رۇبۇبىيەتتە ۋە ئۇلۇھىيەتتە بىر دەپ بىلىش ھەم يۇقارقى ئىشلاردا ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماسلىق ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھقا قىلغان، شېرىك ئېتىقاد، سۆز ـ پائالىيەت ۋە مەئبۇدلىرىنى قەتئىي ئىنكار قىلىپ قارشى تۇرۇش .

## 10 ـ س : ئاللاھنىڭ زاتىدىكى تەۋھىد دىگەن نىمە ؟.

ج :ئاللاھنىڭ زاتى ئەقلىي تەسەۋۋۇرنىڭ بىلىشىدىن تاشقىرى بولۇپ ھېچ نەرسىگە ئوخشىمايدۇ. (ئوخشۇتۇشقا ھەم بولمايدۇ) ئاللاھنىڭ زاتى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا خاس يەككە ـ يىگانە بىر زات دەپ ئېتىقاد قىلىش ھەم مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنىڭ زاتىغا شېرىك قىلغان نەرسىسىنى ۋە خىيالىي تەسەۋۋۇرلىرىنى قەتئىي ئىنكار قىلىپ قارشى تۇرۇشتۇر. ئاللاھ تەئالا سەماۋى كىتاب قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ ؛ {ئى مۇھەممەد ! ئېيتقىنكى ئۇ ئاللاھ بىردۇر. ھەممە نەرسە ئاللاھقا مۇھتاجدۇر. ئاللاھ ئاتا بولغانمۇ ئەمەس ۋە تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ}. (سۈرە ئىخلاس).

## 11 ـ س : ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدىكى تەۋھىد دىگەن نىمە ؟.

ج : سەلەف ـ سالىھلەر چۈشەنگەندەك چۈشىنىپ تەلەپ ـ تەقەززالىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئالىي

ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى،ھېچ قانداق بىر نەرسىنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە ئوخشاتماسلىق ھەم ئۇنىڭ ئالىي ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنىڭ بىرەرسىگە شېرىك كەلتۈرگەن ياكى بىرەر مەخلۇقنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە ئوخشاتقان كىشىنى قەتئىي ئىنكار قىلىپ،قارشى تۇرۇش.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ : {ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار.ئاللاھنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن چاقىرىڭلار ! ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى كەلسە ـ كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار ! ئۇلار ئاخىرەتتە قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ}. (سۈرە ئەئراف 180 ـ ئايەت).

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ : {ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر.ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر}. (سۈرە شۇرا 11 ـ ئايەت).

## 12 ـ س : ئاللاھنىڭ رۇبۇبىيەتتىكى تەۋھىد دىگەن نىمە ؟.

ج : ھەقىقىي تەربىيەت قىلىشتا (يەنى يارىتىش،رىزىق بىرىش،ئىگىدارچىلىق قىلىش،پىلانلىق باشقۇرۇش، ئۆلتۈرۈش،تىرىلدۈرۈش،پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈش،ئەزىز قىلىش ۋە خار قىلىش قاتارلىق سۈپەتلەردە) ئاللاھنى يالغۇز دەپ ئىشىنىش .ئۇنىڭ ئەكسىچە قاراشتا بولغانلارنى ئىنكار قىلىش بىلەن بىرگە ئادا ـ جۇدا بولۇش.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ : { (كاپىرلارغا) ئېيتقىنكى،سىلەرگە ئاسماندىن (يامغۇر ياغدۇرۇپ) زېمىندىن (گىياھ ئۈندۈرۈپ) كىم رىزىق بىرىدۇ ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ ؟ تىرىك شەيئىلەرنى ئۆلۈك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ ؟ ئۆلۈك شەيئىلەرنى تىرىك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ ؟ (خالايىقنىڭ) ئىشلىرىنى كىم مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ ؟ ئۇلار (بۇلارغا) جاۋابەن)ـ ئاللاھ ـ دەيدۇ.ئېيتقىنكى (ئاللاھنىڭ غەيرىگە بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىش بىلەن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقامسىلەر ؟}. (سۈرە يۇنۇس 31 ـ ئايەت).

## 13 ـ س : ئاللاھنىڭ ئۇلۇھىيەتتىكى تەۋھىد دىگەن نىمە ؟.

ج : ئىنساننىڭ ئىنسانغا قۇل بولۇشىدىن ئاللاھنىڭ قۇللۇقىغا ئۆلىپ چىقىپ،يەر شارىدىكى بارلىق سىياسى ھۆكۈمرانلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ھەمدە ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى يەككە ـ يىگانە ئاللاھنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بىرىش دىگەنلىكتۇر . ئۇلۇھىيەتتىكى تەۋھىد زات،ئىسىم ـ سۈپەت ۋە رۇبۇبىيەتتىكى تەۋھىدنىڭ نەتىجىسى،ھەمدە ئىلگىرى ۋە ھازىرقى دەۋردىكى مۇسۇلمانلار بىلەن زوراۋان ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدا زور ئاداۋەتلەر تۇغۇلۇپ قانلارنىڭ تۆكۈلىشىگە سەۋەپ بولغان،ھەتتاكى پەيغەمبەرلەرمۇ مۇشۇ «تەۋھىد ئۇلۇھىيەت»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈنلا كەلگەن بولۇپ،بۇ دىنىمىزنىڭ يادرۇلۇق قىسمىدۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ : {سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان (مەئبۇد ۋە زوراۋان رەھبەرلىرىڭلار) پەقەت سىلەر ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان (بۇتلار ۋە زوراۋان رەھبەرلەرنىڭ) ئىسىملىرىدىنلا ئىبارەت،ئاللاھ (ئۇلارنىڭ قانۇن چىقىرىش ۋە يۈرگۈزۈشتە ئۆزىنىڭ شېرىكى ئىكەنلىكى توغرىسىدا) ھېچقانداق پاكىت چۈشۈرگىنى يوق.(ئىگىدارچىلىق قىلىش ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى) بارچە ھۆكۈملەر (يەنى قانۇن چىقىرىش ۋە يۈرگۈزۈش ھوقۇقلىرى) پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپ،ئۇ سىلەرنى ئۆزىگىلا قۇللىقلىق قىلىش (ئىتائەت قىلىش) قا بۇيرىغان،بۇ توغرا دىندۇر،لىكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (ئىتائەت ۋە بويسۇنۇشنى ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا قىلىش ۋاجىپ بولغان بۇ دىننى) بىلمەيدۇ}. (سۈرە يۇسۇف 40 ـ ئايەت).

{ئاللاھ تەئالا ئۆز ھۆكۈمىدە (يەنى قانۇن چىقىرىش ۋە يۈرگۈزۈش ھوقۇقىدا) ھېچ كىشىنى شېرىك قىلمايدۇ}. (سۈرە كەھف 26 ـ ئايەت).

ئاللاھ تەئالا سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : {سالىھ ئەلەيھىسسالام : ـ ئى قەۋمىم ! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار ! سىلەرگە ئاللاھدىن باشقا (بويسۇنۇش ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشقا) لايىق ھېچ كىشى يوق ـ دىدى}. (سۈرە ئەئراف 7 ـ ئايەت).

## 14 ـ س : تەۋھىدنىڭ ئەمەلىيلىششى ئۈچۈن قانچە شەرت بار ؟.

ج : ئاساسلىق ئالتە بولۇپ ئۇلار ؛ 1 ـ ‹تەۋھىد كەلىمىسى › نىڭ مەنىسى،مەزمۇنى،نىشانى ۋە ئەھمىيتىنى بىلىش. 2 ـ يەقىين. 3 ـ ئىخلاس. 4 ـ مۇھەببەت. 5 ـ ئىتائەت. 6 ـ كۇفرى بىغەيرىللاھ.

## 15 ـ س : ‹تەۋھىد كەلىمىسى › نىڭ مەنىسى نىمە ؟.

ج : ‹ئاللاھتىن باشقا بويسۇنۇش،ئۇلۇغلاش،ھۆكۈمرانلىق قىلىش،ئۈمىد قىلىش،دۇئا قىلىش،ياردەم سوراش، گۇناھتىن قايتىش،تەۋەككۇل قىلىش،قۇربانلىق قىلىش،مۇكاپاتىغا قىزىقىش،چوڭ بىلىش قاتارلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلاردا رازىلىقىنى ئىزدەشكە لايىق زات يوق ›.

## 16 ـ س : ‹تەۋھىد كەلىمىسى › نىڭ مەزمۇنى نىمە ؟.

ج : ‹تەۋھىد كەلىمىسى › نىڭ مەزمۇنى : ‹ئاللاھقىلا بويسۇنۇش دىگەنلىك › ئاللاھنىڭ قانۇن ـ پىرىنسىپلىرىنى مەيلى خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن،ماددىۋى جەھەتتىن پايدىلىق بولسۇن ياكى پايدىسىز بولسۇن بىجانىدىللىق بىلەن ئورۇنداش دىمەكتۇر.

‹ئاللاھنىلا ئۇلۇغلاش دىگەنلىك › ئۇلۇغلاش،ماختاش ۋە تەرىپىنى قىلىشتىن ئىبارەت سۆز ـ پائالىيەتلەرنى ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلىش دىمەكتۇر.

(ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش دىگەنلىك) ئاللاھنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمنى بارلىق ھۆكۈمرانلارنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىدىن (يەنى) ھازىرقىدەك پۈتكۈل يەر شارىنى قاپلاپ كەتكەن سوتسىيالىزىم،ئىلمانىزىم،كاپىتالىزىم چە دىموكراتىزىمچە ........... قانۇن ـ تۈزۈملەردىن) ئارتۇق دەپ ئەقىدە قىلىش ۋە باشقا ھۆكۈمرانلارنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى باتىل دەپ ئىنكار قىلىپ قارشى تۇرۇش دىمەكتۇر.

(ئاللاھدىنلا ئۈمىد قىلىش دىگەنلىك) بارلىق ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى ئاللاھ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ ئورۇنداش دىمەكتۇر .

(ئاللاھقىلا دۇئا قىلىش دىگەنلىك) ئىنسان ھەر قانداق ئورۇن،ۋاقىت ۋە شارائىتتا ئاللاھقىلا دۇئا قىلىش دىمەكتۇر.

(ئاللاھدىنلا ياردەم سوراش دىگەنلىك) ئىنسان ئۆز ھاياتىدا ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق ھاجەتلىرىنى تاغۇتلار (يەنى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تاجاۋۇز قىلغۇاتقان كاپىرلار) دىن سورىماستىن يەككە ـ يېگانە ئاللاھدىنلا سوراش دىمەكتۇر .

(ئاللاھدىنلا قورقۇش دىگەنلىك) ئىنسان پۈتكۈل ھاياتىدا ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارنى ئورۇنداش ،چەكلىگىنىدىن يېنىشتا ئاللاھدىنلا قورقۇش دىمەكتۇر .

(ئاللاھدىنلا ئەيمىنىش دىگەنلىك) ئىنسان ھەر قانداق گۇناھ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشتا باشقىلارنىڭ ئەيىپلىشى ۋە چەتكە قېقىشىدىن ئەمەس ،بەلكى ئاللاھدىنلا ئەيمىنىپ ئۆزىنى تارتىش دىمەكتۇر .

(ئاللاھ ئۈچۈنلا نەزىر قىلىش دىگەنلىك) ئاللاھنىڭ رەھمەت ـ ئىلتىپاتىغا تەشەككۇر بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بىرەر ياخشى ئەمەلنى قىلىدىغانلىقىنى ئالدىدىن جاكارلاپ ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلىش دىمەكتۇر .

(ھاجەتلىرىنى ئاللاھدىنلا سوراش دىگەنلىك) ئىنسان ئۆز ھاياتىدا ئېھتىياجلىق بولغان ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئېھتىياجلىرىنى باشقىلارنىڭ راۋا قىلىپ بېرىشىنى سورىماستىن ئاللاھدىنلا سوراش دىمەكتۇر .

(ئاللاھنىلا ياخشى كۆرۈش دىگەنلىك) ئىنسانلار ئۆز ھاياتىدا ئۇنىڭ بىلەن سۆيۈنۈشۋاتقان نەرسىلەر (يەنى تۇرمۇش يولى،ھۈنەر ـ كەسىپ،تىجارەت ۋە ئىقتىسادى مەنبەلەر.........) دىنمۇ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىسسىپ ماڭغان يولنى بەكراق ياخشى كۆرۈش دىمەكتۇر.

(گۇناھدىن ئاللاھ ئۈچۈنلا قايتىش دىگەنلىك) ئىنسان ئۆز ھاياتىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرىدىن قايتىشتا ئۆزىگە يىتىۋاتقان جىسمانى ۋە ئىقتىسادى زىيانلار سەۋەبىدىن ئەمەس،ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قايتىش دىمەكتۇر .

(ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلىش دىگەنلىك) ئىنسان قىلماقچى بولغان ئىشلاردا كىتەرلىك سەۋەپلەرنى ئورۇنداپ نەتىجىسىنى شۇ سەۋەپلەردىن كۈتمەستىن،ئاقىۋىتىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش دىمەكتۇر .

(ئاللاھ ئۈچۈنلا قۇربانلىق قىلىش دىگەنلىك) جىنى ۋە مېلىنى چىقىم قىلىشتا پىداكارلىق كۆرسىتىش ۋە نام قالدۇرۇش يۈزىسىدىن ئەمەس،بەلكى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا قۇربانلىق قىلىش دىمەكتۇر.

(ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا قىزىقىش دىگەنلىك) ئىنسان ئۆز ھاياتىدا ئورۇندىماقچى بولغان بارلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا باشقىلارنىڭ ماختىشى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن قىلماستىن،ئاللاھنىڭ (ئاخىرەتتىكى جامالىنى ۋە جەننىتىنى كۆرۈشتىن ئىبارەت) مۇكاپاتىغا قىزىقىپ قىلىش دىمەكتۇر .

(ئاللاھنى چوڭ بىلىش دىگەنلىك) ئىنسان ئۆز جەمىيىتىدىكى باتىل ئىلاھلار ۋە تاغۇتلار (يەنى كاپىرلار) نىڭ مەنسەپ ـ مەرتىۋىلىرىنى چوڭ بىلمەستىن پەقەت ئاللاھنىڭلا شانۇ ـ شەۋكىتىنى چوڭ بىلىش دىمەكتۇر.

## 17 ـ س : ‹تەۋھىد كەلىمىسى› نىڭ نىشانى نىمە ؟.

ج : ‹تەۋھىد كەلىمىسى› نىڭ نىشانى ؛ پۈتكۈل ئىنسان ۋە جىنلارنى بىر ـ بىرىگە چوقۇنۇش ۋە قۇل بولۇپ ياشاشتىن پۈتكۈل كائىنات ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان يەككە ـ يىگانە،تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە ئاللاھنىڭ قۇللىقىغا چىقىرىپ،ئاللاھنىڭ ھاكىمىيتىدىن باشقا ھەر شارىدىكى بارلىق ھاكىمىيەت ۋە قانۇن ـ تۈزۈملەرنى (يەنى سوتسىيالىزىم،ئىلمانىزىم،كاپىتالىزىم ۋە دىموكراتىزىمچە ......قانۇن ـ تۈزۈملەر) نى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتۇر .

## 18 ـ س : ‹تەۋھىد كەلىمىسى› نىڭ ئەھمىيتى نىمە ؟.

ج : ‹تەۋھىد كەلىمىسى› نىڭ ئەھمىيتى ؛ بۇ سۆز ـ ئۆزى قىسقا،مەزمۇنى مول،تەلپىي قاتتىق سۆز بولۇپ،ئىسلام دىنىمىزنىڭ بۈيۈك شۇئارى،بۇ سۆزنى ئېيتىپ ئەقىدە قىلغان ۋە ئۆز ھاياتىدا ئەمەلىيلەشتۈرگەن كىشى مۇسۇلمان ھىساپلىنىپ ،دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدۇ،شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاللاھ مۆئمىن بەندىلىرىگە تەييارلىغان نازۇ ـ نېئمەتلەر بىلەن بىزەلگەن،مەڭگۈلۈك خۇشاللىقنىڭ مەنزىلى بولغان جەننەتكە ۋە پەرۋەردىگارنىڭ جامالىنى كۆرۈشتىن ئىبارەت بۈيۈك مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدۇ .

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ ؛ {بىلگىنكى،ئاللاھدىن باشقا (بويسۇنۇش ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشقا) لايىق ھىچ كىشى يوق} . (سۇرە مۇھەممەد 19 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دىگەن ؛ ‹‹كىمكى (ئىتائەت قىلىش ۋە بويسۇنۇشتا) ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق دىسە ۋە ئاللاھدىن باشقا ئىبادەت قىلىنىۋاتقان بارلىق مەئبۇد (يەنى سىياسى ھۆكۈمرانلارنى ھەمدە ئۇلارنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم،ئۆرۈپ ـ ئادەت،قىممەت قارىشى ۋە ھىسيات ئۇقۇمى ......قاتارلىقلارنى) ئىنكار قىلسا ئۇنىڭ مېلى ۋە قىنى باشقىلارغا ھارام بولىدۇ،ئۇنىڭ مەسىلىسى ئاللاھقا تاپشۇرلىدۇ››. (بۇخارى رىۋايىتى)

## 19 ـ س : يەقىين دىگەن نىمە ؟.

ج : كەلىمە تەيىبىنىڭ مەنىسنى قەلبىدە شەكسىز قارار ئالدۇرۇشدۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ : { شۈبھىسىزكى،(ھەقىقى) مۆئمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئاندىن (ئىماندا) شەك كەلتۈرمىگەن كىشىلەردۇر } .   (سۈرە ھۇجۇرات 15 ـ ئايەت) .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : ‹‹ئى ئەبۇ ھۇرەيرە ! بېرىپ ئاللاھتىن باشقا (بويسۇنۇش ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشقا) لايىق ھىچ كىشى يوق دەپ،چىن قەلبىدىن گۇۋاھلىق بەرگەن ھەر قانداق كىشىگە ئۇچراشساڭ،جەننەت بىلەن خۇش ـ خەۋەر بەرگىن ! ››.          (مۇسلىم رىۋايىتى)

## 20 ـ س : ئىخلاس دىگەن نىمە ؟.

ج : ھەر قانداق ئىبادەتنى ھوزۇرى قەلىپ بىلەن ئاللاھنىڭلا رازىلىقى ئۈچۈن قىلىش دىمەكتۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ : { ئۇلار ئىبادەتنى پەقەت ئاللاھقا خالىس قىلغان،ھەق دىنغا ئىتائەت قىلغان،ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى } .        (سۈرە بەيىنە 5 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : ‹‹كىشىلەرنىڭ قىيامەت كۈنى شاپائىتىمگە ئەڭ لايىق بولىدىغىنى،ئاللاھتىن باشقا (بويسۇنۇش ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش) قا لايىق ھىچ كىشى يوق دىگەن سۆزنى،چىن قەلبىدىن ئىيتقان كىشىدۇر››.   (بۇخارى رىۋايىتى)

## 21 ـ س : مۇھەببەت دىگەن نىمە ؟.

ج : ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى دۇنيادىكى ھەر قانداق نەرسىدىنمۇ (يەنى ئاتا ـ ئانىسى،خوتۇنى،باللىرى ، مال ـ دۇنياسى ۋە ئىنسان ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈرگەن بارلىق نەرسىلەر) دىنمۇ ناھايىتى بەك ياخشى كۆرۈش مانا بۇ ھەقىقى مۇھەببەتتۇر .

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ : { بەزى ئادەملەر ئاللاھتىن غەيرىلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىدۇ،ئۇلارنى ئاللاھنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدۇ (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ)،مۆئمىنلەر ھەممىدىن بەك ئاللاھنى ياخشى كۆرىدۇ }.        (سۈرە بەقەر 165 ـ ئايەت) .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : ‹‹ئۈچ (خىسلەت) بار كىشى ئىماننىڭ تەمىنى تېتىيالايدۇ.ئۇلار : 1 ـ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرۈش. 2 ـ بىراۋنى پەقەت ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش. 3 ـ مۇسۇلمان بولغاندىن كىيىن كۇفرىغا قايتىشنى ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرۈش.››.          (بۇخارى رىۋايىتى)

## 22 ـ س : ئىتائەت دىگەن نىمە ؟.

ج : ئاللاھنىڭ،پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئىسلام جامائىتى ئەمىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئاڭلاپ بىجاندىللىق بىلەن ئىجرا قىلىش

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دىگەن : { (پەيغەمبەر) مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن،ئۇلار (يەنى مەن مۇسۇلمان دىگۈچىلەر) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرەپكە چاقىرىلغان چاغدا ، ـ ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق ـ دىيىشلىرى كېرەك.مانا شۇنداق كىشىلەر مەخسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر }.      (سۈرە نۇر 51 ـ ئايەت)
ئاللاھ تەئالا مۇنداق دىگەن : { ئى مۆئمىنلەر ! ئاللاھقا،پەيغەمبەرگە ۋە مۆئمىنلەر (جامائىتىدىن) بولغان ئەمىرگە ئىتائەت قىلىڭلار }.          (سۈرە نىسا 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : ‹‹ئۈممىتىمنىڭ باش تارتقان كىشىدىن باشقا ھەممە كىشى جەننەتكە كىرىدۇ.ئى رەسۇلۇللاھ ! باش تارتقان كىشى كىم ؟ ـ دىيىلدى،رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىدى:ماڭا ئىتائەت قىلغان (يەنى بۇيرۇقلىرىمنى ئىجرا قىلغان) كىشى جەننەتكە كىرىدۇ،ماڭا ئاسىيلىق قىلغان (يەنى بۇيرۇقلىرىمنى ئىجرا قىلمىغان) كىشى باش تارتقان بولىدۇ››.        (بۇخارى رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ؛ ‹‹كىمكى ماڭا ئىتائەت قىلسا ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ،ماڭا ئاسىيلىق قىلسا ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ.(ئىسلام جامائىتى) ئەمىرگە ئىتائەت قىلسا ماڭا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ،ئەمىرگە ئاسىيلىق قىلسا ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ،شەك ـ شۈبھىسىزكى ئىمام،كىشىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ جىھاد قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇداپىئەلىنىدىغان قالقاندۇر.ئەگەر ئەمىر ئاللاھتىن قورقۇشقا بۇيرىسا ۋە ئادىللىق قىلسا ئاشۇ ئىشتا ئەمىرگە چوقۇم ئەجىر بار،ئەگەر خاتالاشسا (يەنى دەۋرىمىزدىكى ئىسلامدا ئىنىق ھۆكۈم بولمىغان ئىشلارنى شەرىئەت بويىچە ئىجرا قىلدىم دەپ ئەكسىچە قىلىپ سالسا) مەسلىسى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ››. (بۇخارى رىۋايىتى).

## 23 ـ س : كۇفرى بىغەيرىللاھ دېگەن نىمە ؟.

ج : ئاللاھنىڭ ھوقۇقى ۋە ھاكىمىيتىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان سىياسى ھۆكۈمرانلارنى ھەمدە ئۇلارنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى،ئۆرۈپ ـ ئادىتى،قىممەت ـ قاراشلىرى ۋە ھىسيات ـ ئۇقۇملىرى ..........قاتارلىقلارنى ئىنكار قىلىپ قارشى تۇرۇش دىمەكتۇر .

(تەپسىلى بىلمەكچى بولسىڭىز ‹‹باتىل ئىلاھلار›› دېگەن كىتاپنىڭ ‹تاغۇتنى ئىنكار قىلىش قانداق بولىدىغانلىقى› دېگەن بابىغا قاراڭ).

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ ؛ { كىمكى تاغۇت (يەنى ئاللاھتىن باشقا بويسۇنۇلىۋاتقان ۋە بۇيرۇقلىرى ئىجرا قىلىنىۋاتقان ھەر قانداق سىياسى ھۆكۈمرانلار) نى ئىنكار قىلىپ،ئاللاھقا (سەممىي قەلب،خالىس ئېتىقاد بىلەن) ئىمان ئېيتىدىكەن،ئۇ سۇنماس مۇستەھكەم تۇتقا (يەنى تەۋھىد يولى) نى تۇتقان بولىدۇ}.(سۈرە بەقەر 256 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ؛ ‹‹كىمكى (ئىتائەت قىلىش ۋە بويسۇنۇشتا) ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دىسە ۋە ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىۋاتقان بارلىق مەئبۇد (يەنى سىياسى ھۆكۈمرانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم،ئۆرۈپ ـ ئادەت،قىممەت قارشى ۋە ھىسيات ئۇقۇمى ......قاتارلىقلارنى) ئىنكار قىلسا ئۇنىڭ مېلى ۋە قېنى باشقىلارغا ھارام بولىدۇ.ئۇنىڭ مەسلىسى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ››. (مۇسلىم رىۋايىتى) .

## 24 ـ س : تەۋھىدنى يوقىتىۋېتىدىغان ئاساسلىق ئامىللار قانچە ؟.

ج : ئالتە بولۇپ ئۇلار ؛ 1 ـ كۇفرى شەك. 2 ـ كۇفرى ئىئراز. 3 ـ كۇفرى تائەت بىغەيرىللاھ . 4 ـ كۇفرى تەكزىب. 5 ـ كۇفرى نىفاق. 6 ـ كۇفرى مۇرتەد.

## 25 ـ س : كۇفرى شەك دېگەن نىمە ؟.

ج : ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ بىرەرىدە،ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەت يولىغا باشلايدىغانلىقىغا ئىككىلىنىپ،ئارسالدا بولۇش كۇفرى شەكتۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن ؛ { بەزىلەر ئاللاھقا شەك ـ شۈبھى بىلەن (يەنى تۇراقسىز ھالدا) ئىبادەت قىلىدۇ،ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە دىنىدا چىڭ تۇرىدۇ،(يەنى مۇنداق ئادەم مۇناپىق بولۇپ،ئاللاھقا دىلى بىلەن ئەمەس ، پەقەت تىلى بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ) ئەگەر ئۇنىڭغا بەختسىزلىك يەتسە دىنىدىن يېنىۋالىدۇ،ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ،بۇ رۇشەن زىياندۇر }. (سۈرە ھەج 10 ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ؛ ‹‹ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى شەك يوق ئىمان،خىيانەت يوق جىھاد ۋە قوبۇل قىلىنغان ھەجدۇر››. (نەسەئى رىۋايىتى).

## 26 ـ س : كۇفرى ئىئراز دېگەن نىمە ؟.

ج : ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ بىرەرسىگە چاقىرىلسا پەرۋا قىلماستىن يۈز ئۆرۈش كۇفرى ئىئرازدۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ : { پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنغان،ئاندىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەمدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ ؟ بىز گۇناھكارلارنى چوقۇم جازالايمىز }. (سۈرە سەجدە 22 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : ‹‹ئى تاغا ! ئاللاھتىن باشقا (بويسۇنۇش ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشقا) لايىق ھېچ كىشى يوق دېگىن !!! ئەگەر شۇنداق دېسەڭ،قىيامەت كۈنى مۆئمىنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمەن ، (رەسۇلۇللاھنىڭ) تاغىسى (ئەبۇ تالىپ) رەت قىلدى ››. (مۇسلىم رىۋايىتى) .

## 27 ـ س : كۇفرى تائەت بىغەيرىللاھ دېگەن نىمە ؟ .

ج : ئاللاھنىڭ ھوقۇقى ۋە ھاكىمىيىتىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارنىڭ قانۇن ـ سىياسەتلىرىنى ئاڭلىق ئاڭسىز ياكى رەۋىشتە قەتئى ئىجرا قىلماسلىق كۇفرى تائەت بىغەيرىللاھ دېيىلىدۇ.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ : { ئى مۇھەممەد ! پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى،ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە،ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ } . (سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت).

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ ؛ { ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى تەۋرات ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ ؟ ئۇلار ئەرزىلىرىنى تاغۇتلا (يەنى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار) نىڭ قېشىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ،ھالبۇكى ئۇلار شۇ تاغۇتلارنى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان،شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ }. (سۈرە نىسا 60 ـ ئايەت) .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : ‹‹ماڭا ئىتائەت قىلغان (يەنى بۇيرۇقلىرىمنى ئىجرا قىلغان) كىشى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ،ماڭا ئاسىيلىق قىلغان (يەنى بۇيرۇقلىرىمنى ئىجرا قىلمىغان) كىشى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ.(ئىسلام جامائىتى) ئەمىرگە ئاسىيلىق قىلغان كىشى ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ،شەك ـ شۈبھىسىزكى ئىمام كىشىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇداپىئەلىنىدىغان قالقاندۇر،ئەگەر ئەمىر ئاللاھتىن قورقۇشقا بۇيرىسا ۋە ئادىللىق قىلسا ئاشۇ ئىشتا ئەمىرگە چوقۇم ئەجىر بار،ئەگەر ئەمىر خاتالاشسا مەسئۇلىيەتنى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ››. (بۇخارى رىۋايىتى) .

## 28 ـ كۇفرى تەكزىب دېگەن نىمە ؟ .

ج : ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرگە بىرەر سۆز ۋە ھۆكۈمدە يالغاننى چاپلاش ياكى ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرنىڭ بىرەر سۆز ياكى ھۆكۈمىنى يالغانغا چىقىرىش (يەنى ئۇ ھۆكۈم ئۇنداق ئەمەس مۇنداقتى دەپ ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىش) دۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ : { ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغان ياكى ھەق كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ ؟ جەھەننەمدە كاپىرلارغا جاي يوقمۇ ؟}. (ئەلئۆتتە بار) (سۈرە ئەنكەبۇت 68 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : ‹‹ماڭا يالغاننى چاپلىماڭلار ! ماڭا يالغاننى چاپلىغان ئادەم چوقۇم دوزاخقا كىرىدۇ››. (بۇخارى رىۋايىتى).

## 29 ـ س : كۇفرى نىفاق دېگەن نىمە ؟ .

ج : ئېغىزدا ئىسلامنى ئاشكارلاپ،قەلبىدە كۇفرىنى يوشۇرۇپ،ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنى ئويلاش كۇفرى نىفاقدۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ : { مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەھرىگە) تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازاپتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن }. (سۈرە نىسا 145 ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : ‹‹ئەنسارلارنى پەقەت مۆئمىن ياخشى كۆرىدۇ،ئۇلارنى پەقەت مۇناپىق ئۆچ كۆرىدۇ،ئۇلارنى ياخشى كۆرگەن كىشىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ،ئۇلارنى ئۆچ كۆرگەن كىشىنى ئاللاھ ئۆچ كۆرىدۇ››. (بۇخارى رىۋايىتى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : ‹‹مۇشۇ ئۇممەتكە قورقىدىغىنىم تىل بىلىدىغان (يەنى ئىلىملىك) ھەر قانداق مۇناپىق››. (ئەھمەد رىۋايىتى) .

## 30 ـ س : كۇفرى مۇرتەد دىگەن نىمە ؟.

ج : مۇسۇلمان بولغاندىن كىيىن يىنىۋىلىپ،ئىسلامنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلماسلىق،كۇفرى سۆزنى سۆزلەش، كۇفرى قىلىقنى قىلىش ئىسلام ھۆكۈملىرىنىڭ بىرەرسىنى سۆز ياكى قىلىقتا مەسخىرە قىلىش كۇفرى مۇرتەددۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ : { سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) يىنىۋىلىپ كاپىر پىتى ئۆلسە ،ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كىتىدۇ،بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر،ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلادۇر }. (سۈرە بەقەر 217 ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : ‹‹ئۆزىنىڭ دىنىنى (يەنى ئىسلام دىنىنى) ئۆزگەرتكەن كىشىنى ئۆلتۈرۈڭلار !››. (نەسەئى رىۋايىتى).

## 31 ـ س : نۇبۇۋۋەت دىگەن نىمە ؟.

ج : ئاللاھ تەئالا پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىنى ھالاكەت يولى بولغان كۇفرى قاراڭغۇلۇقىدىن،بەخىت ـ سائادەت يولى بولغان ئىمان نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ھەر قانداق گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن پاك دەپ تونۇپ،ھىچ بىرىنى ئايرىۋەتمەستىن بىردەك ئىشىنىشتۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ : { پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۆزىگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى ، مۆئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى،ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا،ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە،كىتاپلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى،ئۇلار ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھىچ بىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز ـ دەيدۇ}.(سۈرە بەقەر 285 ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : ‹‹ھىچ كىشىنىڭ مىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى دىمەكچى) يۇنۇس ئىبنى مەتتادىن ياخشى دىيىشى لايىق ئەمەس››. (بۇخارى رىۋايىتى) .

## 32 ـ س : پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى نىمە ؟.

ج : پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئىنسانغا ئىنسان بويسۇنۇشتىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ،بىر ئاللاھقا بويسۇنۇشقا يىتەكلەپ، ئىنسانىيەتنى ئىنسانلارنىڭ قۇللىقى،ھۆكۈمرانلىقى،قانۇن ـ تۈزىمى،قىممەت قارشى ۋە ئەنئەنە ئادەتلىرىدىن بىر پۈتۈن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ۋە شۇنىڭدەك تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھالىرىدە ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە قانۇنىنى ئەمەلى ئىجرا قىلىپ،ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا مۇتلەق بويسۇنۇشقا قايتۇرۇش،ھەمدە بۇ يولدا توسالغۇ بولىۋالغان بارلىق سىياسى ھۆكۈمرانلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش،ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى يەككە ـ يىگانە ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا قايتۇرۇپ بىرىشتىن ئىبارەت.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ : { بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۇممەتكە،ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار ! تاغۇت (يەنى ئاللاھتىن باشقا بويسۇنۇلىۋاتقان ۋە بۇيرۇقلىرى ئىجرا قىلىنىۋاتقان ھەر قانداق كىشى) دىن يىراق بولۇڭلار ! دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق }. (سۈرە نەھلە 36 ـ ئايەت) .

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ ؛ { ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ! سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە،مەندىن باشقا (ئىبادەت قىلىش ۋە بويسۇنۇشقا لايىق) ھېچ ئىلاھ يوقتۇر دەپ ۋەھيي قىلدۇق }.

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ ؛ { بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ كىتاپ ۋە قانۇننى چۈشۈردۇق،تۆمۈرنى ياراتتۇق،(تۆمۈردىن ئۇرۇش قۇراللىرى ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن) تۆمۈر كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ،تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار،ئاللاھ ئۆزىنى كۆرمەي تۇرۇپ (قۇراللارنى ئىشلىتىپ) ئۆزىگە ۋە پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرگەنلەرنى بىلىش (مەلۇم قىلىش) ئۈچۈن (تۆمۈرنى ياراتتى).ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر،غالىپتۇر }.
(سۈرە ھەدىد 25 ـ ئايەت) .

ئىبنى تەيمىييە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ ؛ بۇ دىن ـ ئۆلچەم،تۆمۈرسىز قەتئىي بەرپا بولمايدۇ،كىتاپ كىشىلەرنى ھىدايەتكە چاقىرسا،تۆمۈر (يەنى قۇرال) ئۇنى قوغداپ تۇرىدۇ.

## 33 ـ س : ئىنسانلار قايسى ئىشلاردا پەيغەمبەرگە مۇھتاج ؟.

ج : دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخىت ـ سائادەت يوللىرىنى تونۇشتا،ھەمدە كۇفرى زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ ئىسلام ئادالىتىگە چىقىشتا پەيغەمبەرگە مۇھتاج .

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ ؛ { ئەلىف،لام،را ،(ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام !) بۇ كىتاپنى ساڭا ئىنسانلارنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا ئېلىپ چىقىشىڭ ئۈچۈن نازىل قىلدۇق }.(سۈرە ئىبراھىم 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن ؛ ‹‹مىنىڭ سىلەر بىلەن بولغان مىسالىم،كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئۆزىنى ئېتىۋاتقان چېكەتكە ۋە پەرۋانىلەرنى توسۇۋاتقان ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشاشدۇر.مەن سىلەرنىڭ بىلىكىڭلاردىن تۇتۇپ ،دوزاخ ئوتىدىن (تارتىۋالىمەن) ،ھالبۇكى سىلەر قولۇمدىن قېچىپ،(دوزاخ تەرەپكە يۈگۈرۈۋاتىسىلەر) ››.(مۇسلىم).

## 34 ـ س : پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەردىن ئارتۇق بېرىلگەن پەزىلىتى قانچە ؟.

ج : ئالتە بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ توغرىسىدا مۇنداق دىگەن ؛ ‹‹مەن پەيغەمبەرلەرگە ئالتە ئىش بىلەن ئارتۇق قىلىندىم. 1 ـ جەۋامىئۇل كەلىم (يەنى مول مەنىلىك قىسقا سۆزلەر) بېرىلدى. 2 ـ قورقۇنچ (يەنى كاپىرلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش) بىلەن ياردەم بېرىلدىم. 3 ـ ماڭا غەنىمەتلەر ھالال قىلىندى، 4 ـ ماڭا زېمىننىڭ ھەممە جايلىرى پاك ۋە مەسجىد قىلىندى، 5 ـ پۈتۈن (دۇنيا) خەلقىگە پەيغەمبەر قىلىندىم، 6 ـ پەيغەمبەرلىك مەن بىلەن تاماملاندى››. (مۇسلىم رىۋايىتى).

## 35 ـ س : تەۋەللا دىگەن نىمە ؟.

ج : ئاللاھنى دوست تۇتۇش ۋە ئاللاھ دوست تۇتۇشقا بۇيرىغان كىشلەرنى دوست تۇتۇش (يەنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى،ساھابىلارنى،تابىئىنلارنى،تەبەئى تابىئىنلارنى ۋە قىيامەتكىچە ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرىدىغان تەۋھىد ئەھلىنى) چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈپ،ئۇلار بىلەن ئۆز ـ ئارا ياردەملىشىش، ئەمەلىي ياردەم بېرىشكە مۇمكىن بولمىسا بىر ـ بىرىگە دۇئا قىلىپ تۇرۇش.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ ؛ { شۈبھىسىزكى،سىلەرنىڭ دوستۇڭلار ئاللاھ،ئاللاھنىڭ رەسۇلى ۋە ناماز ئوقۇيدىغان، زاكات بېرىدىغان ۋە (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) كەمتەرلىك بىلەن بويسۇنىدىغان مۆئمىنلەردۇر }.(سۈرە مائىدە 55 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : ‹‹سەن مۆئمىنلەرنى بىر ـ بىرىگە مېھرىبانلىق قىلىشتا،دوست تۇتۇشتا ۋە كۆيۈنۈشتە بىر تەنگە ئوخشاش كۆرىسەن،ئۇ تەننىڭ بىرەر ئەزاسى ئاغرىسا باشقا ئەزالار شۇ ئاغرىق ئەزا ئۈچۈن ، بىئارامىلىق ۋە قىزىتما بىلەن قايغۇرىدۇ›› . (بۇخارى رىۋايىتى).

## 36 ـ س : تەبەررا دېگەن نىمە ؟.

ج : ئاللاھنىڭ ھوقۇقى ۋە ھاكىمىيىتىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان ھەر زامان،ھەر ماكاندىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرى،ئازدۇرغۇچى موللىلىرى،دوستلىرى،قوشۇنلىرى،ساقچىلىرى،ئاخبارات ۋاستىلىرى،ئامانلىق ساقلىغۇچىلىرى،ھەمدە سىپسىق قانۇنلىرى،پىروگراممىلىرى،پىرىنسىپلىرى،ھۆكۈمەتلىرى،سوت مەھكىمىلىرى،شۇئارلىرى ۋە بايراقلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش،كۈچى يەتكەندە قوراللىق جىھاد قىلىشتۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ؛ { ئى مۆئمىنلەر ! ئەگەر ئاتا ـ ئانائالار ۋە قېرىندىشىڭلار ئىماندىن كۇفرىنى ئارتۇق كۆرسە (يەنى كۇفرىدا چىڭ تۇرسا) ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار ! ئىچىڭلاردىكى كىملەركى،ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن ئۇلار زالىملاردۇر (يەنى ئۇلارغا ئوخشاش كاپىرلاردۇر) }. (سۈرە تەۋبە 23 ـ ئايەت).

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ ؛ { ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلار سىلەرگە ھەقىقەتەن ياخشى ئۈلگىدۇر، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە ـ ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئۇلۇغلاۋاتقان نەرسەڭلاردىن ئادا ـ جۇدامىز،بىز سىلەرنى ئىنكار قىلدۇق،بىزنىڭ ئاراڭلاردىكى دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ ـ دېدى }. (سۈرە مۇمتەھىنە 4 ـ ئايەت).

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ ؛ { ئىبراھىم ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان مەئبۇتلىرىدىن يىراقلاشتى......}. (سۈرە مەريەم 49 ـ ئايەت) .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ ؛ ‹‹ناھەق دەۋاغا ياكى زۇلۇمغا ياردەم بەرگەن كىشى شۇ ئىشتىن قول ئۈزمىگىچە،ھەمىشە ئاللاھنىڭ غەزىپىدە بولىدۇ›› . (ئىبنى ماجە رىۋايىتى) .

سۇلايمان ئىبنى سەھمانغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇنكى ئۇ مۇنداق دەيدۇ ؛

كىمدە كىم مۇشرىكلارنى تۇتماس دۈشمەن ، ئۆز دىنىغا سالغان بولۇر ئۆزى كەتمەن ،
ئەمەس ئۇ مۇھەممەدنىڭ سۈننىتىدە ، بىلىپ قويسۇن توغرا يولدا ئەمەس ئىكەن.

## 37 ـ س : تەۋەككۇل دېگەن نىمە ؟.

ج : ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ،شۇ ئىشتا ئاللاھتىنلا ياردەم سوراش،كۈچى يەتكىنىچە سەۋەبلەرنى ئىشلەش،غەلىبىنى شۇ سەۋەبلەردىن كۆتمەستىن،بەلكى ئاللاھتىنلا كۈتۈش.ئاندىن پۈتۈلگەن نەتىجىگە رازى بولۇشتۇر .

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ ؛ { ئەگەر مۆئمىن بولساڭلار،ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلىڭلار }. (سۈرە مائىدە 23 ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ؛ ‹‹ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ھەقىقى تەۋەككۇل قىلساڭلار،ئاللاھ سىلەرگە ئەتىگىنى ئاچ بىرىپ،كەچتە توق قايتىپ كىلىدىغان ئۇچارلىققا رىزىق بەرگىنىدەك رىزىق بىرىدۇ››.(تىرمىزى).

## 38 ـ س : ئەدلى دېگەن نىمە ؟.

ج : ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرگە بولغان ئېتىقاتتا،ئەمەل ـ ئىبادەتتە ۋە ئىنسانلار بىلەن بولغان ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسىدە توغرا ۋە ئادىل بولۇشتۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ ؛ { ئى مۆئمىنلەر ! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بىرىشتە،ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ۋە ياكى ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بىرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار ! }.      (سۈرە نىسا 135 ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن ؛ ‹‹زالىم پادىشاھ ياكى زالىم ئەمىرنىڭ ئالدىدا ھەق سۆزنى سۆزلەش جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر››.      (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

## 39 ـ س : ئەمامەت دىگەن نىمە ؟.

ج : ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقنى دۇنيا ئىشلىرىدىن بۇرۇن ئىجرا قىلىش،شەخسى مەنپەئەتتىن ۋاز كىچىپ ، ئومومى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئالدىراشدۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ ؛ { ئاياللار،ئوغۇللار،ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار،ئارغىماقلار،چارۋىلار ۋە ئېكىن يەرلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى،ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (يەنى تۈگەيدىغان) شەيئىلەردۇر،ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر }.      (سۈرە ئال ئىمران 114 ـ ئايەت) .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن ؛ ‹‹بۇ دۇنيانى ئاخىرەتكە سېلىشتۇرغاندا بىرىڭلارنىڭ دەرياغا سېلىپ ئالغان بارمىقىنىڭ ھالىتىگە ئوخشاشتۇر،ئۇ بارمىقىدا قانچىلىك سۇنىڭ بارلىقىغا قاراپ باقسۇن !!!››.(مۇسلىم)

## 40 ـ س : ‹ئەمرى ـ مەئرۇپ،نەھى ـ مۇنكەر› دىگەن نىمە ؟.

ج : بۇ بولسا مەن مۇسۇلمان دىگەن ھەر قانداق كىشىنىڭ شەخسەن ئۆزى قىلىشى پەرز قىلىنغان يەتتە ئاساسلىق پەرزنىڭ ۋە يەتتە چوڭ ئىسلام شۇئارىنىڭ ئالتىنچىسى بولۇپ،ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بىردەكلىكىگە ئىگە ھەر قانداق ياخشى ئىشنى ئۆگىنىپ،ئەۋۋەلا ئۆزى قىلىش بىلەن بىرگە باشقىلارنى بۇيرۇشى ۋە ئىسلامى بىردەكلىككە ئىگە ھەر قانداق خاتا ئىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۆنىڭدىن ئاۋۋال ئۆزى يېنىش بىلەن بىرگە باشقىلارنى توسۇشدۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ ؛ { مۆئمىن ئەرلەر ۋە مۆئمىنە ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر،ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ،يامان ئىشلاردىن توسىدۇ }.      (سۈرە تەۋبە 71 ـ ئايەت).
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن ؛ ‹‹جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى،سىلەر چوقۇم ياخشىلىققا بۇيرۇشۇڭلار ۋە يامانلىقتىن توسۇشۇڭلار كىرەك،ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار ئاللاھ چوقۇم ئازاپ كەلتۈرشىنى تېزلىتىدۇ،ئاندىن ئازاپىنىڭ كىتىشى ئۈچۈن،دۇئا قىلساڭلارمۇ ئىجابەت قىلىنمايدۇ››. (تىرمىزى رىۋايىتى).

## 41 ـ س : جىھاد دىگەن نىمە ؟.

ج : بۇ بولسا مەن مۇسۇلمان دىگەن ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشىنىڭ شەخسەن ئۆزى قىلىشى پەرز قىلىنغان يەتتە ئاساسلىق پەرزنىڭ ۋە يەتتە چوڭ ئىسلام شۇئارىنىڭ يەتتىنچىسى بولۇپ،دۇنيا ـ ئىسلام ۋە كۇفرىدىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلغان،ھەمدە مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرسىدا كەڭ ـ كۆلەملىك ئەھزاپ ئۇرۇشى پارتىلىغان بۈگۈنكى كۈنلەردە ھەر بىر مۇسۇلمانغا شەرتسىز پەرز ئەيىندۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ ؛ { شۈبھىسىزكى،(ھەقىقى) مۆئمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ، ئاندىن (ئىماندا) شەك كەلتۈرمىگەن،ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر،ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر }.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دىگەن : ‹‹ئەگەر سىلەر سودا ـ تىجارەتلەرگە بېرىلىپ،چارۋىچىلىق، دىھقانچىلىقلىقلار بىلەن رازى بولۇپ ئاللاھ بۇيرىغان جىھادنى تاشلاپ قويساڭلار،ئاللاھ سىلەرنى خارلىققا (يەنى زالىم پادىشاھقا) مۇپتىلا قىلىپ قويىدۇ،ئاللاھ ئۇ خارلىقنى (يەنى زالىم پادىشاھنى) تاكى سىلەر دىنىڭلارغا قايتمىغۇچە (يەنى جىھاد ئىبادىتىنى ئادا قىلمىغۇچە) كۆتىرىۋەتمەيدۇ››. (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى) .
‹بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇماتقا ئىگە بولماقچى بولسىڭىز ‹‹نىجاتلىق يولى›› دىگەن كىتاپنىڭ جىھاد بابىغا قاراڭ›

# مۇسۇلمانلار ئېگى ۋە رىيائللىقتىن كۆتىرلىپ كەتكەن ھەدىسلەر

‹1› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دىگەن : ‹‹ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان

بولۇپ، 1 ـ ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا قۇلچىلىق قىلىپ،ئاللاھتىن باشقا بارلىق مەئبۇتلارنى (يەنى بىرلا خالىق تەرىپىدىن يارىتىلغان ئۆزىگە ئوخشاش ئىنسانلارنى قۇل قىلىش رەزىل مەخسىتىدە بولۇۋاتقان پەسكەش ۋە ئىنسان قىلىپىدىن چىققان ئىپلاسلارنىڭ ھاكىمىيتى،قانۇن ـ تۈزۈمى،ئەنئەنە ئادەتلىرى...........قاتارلىقلارنى) ئىنكار قىلىش. 2 ـ (بەش ۋاقىت) نامازنى ئادا قىلىش. 3 ـ زاكات بىرىش. 4 ـ ھەج قىلىش. 5 ـ رامىزان روزىسىنى تۇتۇش. (مۇسلىم رىۋايىتى).

‹2› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دىگەن : ‹‹كىمكى (ئىتائەت قىلىش ۋە بويسۇنۇشتا) ئاللاھتىن

باشقا ئىلاھ يوق دىسە ۋە ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىۋاتقان بارلىق مەئبۇدلارنى (يەنى مەئبۇد ئاتالغۇسىدىكى ،ئالتۇن،تاش ۋە ياغاچتىن ياسالغان بۇتلارنى شۇنداقلا دەۋرىمىزدىكى ئىنسانلارغا چىدىغۇسىز زۇلۇم قىلىۋاتقان سىياسى ھۆكۈمرانلارنى ھەمدە ئۇلارنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى،ئۆرپ ـ ئادىتى،قىممەت قارىشى ۋە ھېسىيات ئۇقۇمى .......قاتارلىقلارنى) ئىنكار قىلسا ئۇنىڭ مېلى ۋە قېنى باشقىلارغا ھارام بولىدۇ،ئۇنىڭ مەسلىسى ئاللاھقا تاپشۇرلىدۇ››. (مۇسلىم رىۋايىتى).

‹3› ـ ھارىس ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق

دىگەن : ‹‹مەن سىلەرنى ئاللاھ مىنى بۇيرىغان جامائەت، ئاڭلاش، ئىتائەت قىلىش، ھىجرەت، ۋە جىھادتىن ئىبارەت بەش ئىشقا بۇيرۇيمەن،كىمكى جامائەتتىن بىر غېرىچ يىراقلىشىدىكەن تاكى جامائەتكە قايتمىغۇچە ئىسلام ئارغامچىسىنى بوينىدىن ئېلىۋەتكەن بولىدۇ،كىمكى جاھىلىيەت چاقىرىقلىرىغا چاقىرىدىكەن جەھەننەم ئەھلىدىن بولىدۇ، ساھابىلەر ئى رەسۇلۇللاھ ! ئەگەر ئۇ ناماز ئوقۇپ،روزا تۇتسىمۇ شۇنداق بولامدۇ ؟ ـ دىۋىدى،پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ‹ناماز ئوقۇپ،روزا تۇتسىمۇ ۋە ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلسىمۇ شۇنداق بولىدۇ› دىدى››. (ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى) .

‹4› ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ : ‹‹كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن

ياخشىلىق توغرىسىدا سورايتتى،مەن رەسۇلۇللاھقا ـ بىز جاھىلىيەتتە ئازغۇنلۇقتا ئىدۇق،ئاللاھ بىزگە بۇ ياخشىلىقنى ئېلىپ كەلدى،بۇ ياخشىلىقتىن كىيىن يامانلىق بولامدۇ ؟ ـ دىسەم ئۇ ھەئە دىدى.مەن ـ بۇ

ياماننلقتىن كىيىن ياخشىلىق بولامدۇ ؟ ـ دىسەم ئۇ ھەئە لىكىن قۇسۇرى بار ياخشىلىق بولىدۇ دىدى. مەن ـ ئۇنىڭ قۇسۇرى نىمە ؟ ـ دىسەم، مىنىڭ يولۇمنىڭ غەيرىگە يىتەكلەپ، سۈننىتىمنى تۇتمايدىغان كىشىلەردۇر دىدى. مەن ـ بۇ ياخشىلىقتىن كىيىن ياماننلىق بولامدۇ ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ ھەئە جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىغا چاقىرغۇچىلار كىلىدۇ، كىم ئۇلارغا ئاۋاز قوشسا ئۇنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىۋىتىدۇ دىدى. مەن ئۇنىڭغا ـ ئى رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى بىزگە سۈپەتلەپ بەرسەڭ ـ دىدىم، رەسۇلۇللاھ ئۇلار بىزنىڭ تىرىمىزدىن بولغان ۋە بىزنىڭ تىلىمىزدا سۆزلەيدىغان كىشىلەردۇر دىدى. مەن ـ ئى رەسۇلۇللاھ ! مەن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بولسام مىنى نىمە قىلىشقا بۇيرۇيسەن ؟ ـ دىسەم، ئۇ مۇسۇلمانلار جامائىتى ۋە ئەمىردىن ئايرىلما دىدى. مەن ـ ئەگەر بۇ جامائەت ۋە ئەمىر بولمىسىچۇ ؟ ـ دىسەم، ئۇ ھەممە پىرقىلەردىن دەرەخنىڭ يىلتىزىنى يىسەڭمۇ ۋاپات تاپقۇچە ئايرىلىپ ياشا !!! دىدى. (مۇسلىم رىۋايىتى).

‹ 5 › ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : ‹‹كىمكى ئىتائەتتىن قولىنى تارتىۋالىدىكەن قىيامەت كۈنى ئاللاھقا ھۆججەتسىز ئۇچرىشىدۇ، كىمكى بەيئەتسىز ھالدا ئۆلسە جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ››. (مۇسلىم)

‹ 6 › ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : ‹‹جامائەتكە قېتىلماستىن ۋاپات تاپقان كىشى جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ››. (مۇسلىم رىۋايىتى).

‹ 7 › ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : ‹‹جامائەتتىن ئايرىلماڭلار !!! چۈنكى پادىدىن ئايرىلغان قوي بۆرىگە يەم بولىدۇ››. (نەسەئى رىۋايىتى).

‹ 8 › ـ ئابدۇللا ئىبنى ئاباستىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دىگەن : ‹‹مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە چىققان بىر سەپەردە تۆگىسىنىڭ كەينىگە مىنىۋالغان ئىدىم، ئۇ (كىتىۋىتىپ) ماڭا ھەي يىگىت ! سوۋغات سۈپىتىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر نەچچە ئېغىز سۆزلەر بىلەن سىنى ئەسكەرتىپ ئۆتەيمۇ ؟ ، ئاللاھنى ئەسلە ئۇمۇ سىنى ئەسلەيدۇ، ھەر قاچان ئاللاھنى ياد ئەتسەڭ ياردەمسىز قالمايسەن، بىرەر نەرسە سورىماقچى بولساڭ ئاللاھنىڭ ئۆزىدىن سورىغىن، ياردەمگە مۇھتاج بولساڭمۇ ئاللاھتىن تىلە ! ، ئىسىڭدە چىڭ تۇتقىنكى؛ بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قەلەم پۈتۈپ بولدى، ئاللاھ ساڭا يىتىشنى ئىرادە قىلمىغان ئىشقا پۈتكۈل خالايىقلار ئۇرۇنۇپ كۆرسىمۇ يەتكۈزەلمەيدۇ، شۇنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىقىڭ كىرەككى؛ غەلبە ـ سەبىر بىلەن ، كەڭچىلىك ـ جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن ۋە ئاسانلىق ـ قىيىنچىلىقلار بىلەن قولغا كىلىدۇ››. (ئىبنى ئەبۇ ئاسىم رىۋايىتى).

‹ 9 › ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : ‹‹مىنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىم ھەققەتەن ئۆزلىرىنى ماڭا نىسبەتەن ئەڭ يىقىن كىشىلەر دەپ بىلىشىدۇ، ئۇنداق ئەمەس؛ ھەققەتەن مىنىڭ يىقىنلىرىم كىم ۋە قەيەردە بولىشىدىن قەتئىينەزەر سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن تەقۋادار بولغان كىشىلەردۇر››. (ئىبنى ئەبۇ ئاسىم رىۋايىتى).
(بۇ ـ سوپى ئىشانلارنىڭ ئاتىسى مۇسۇلمان بولسا بالىسىمۇ مۇسۇلمان دىگەنگە ئوخشىغان بۇزۇق ئەقىدىسىگە

قارشى بولغان ھەدىستۇر).

‹10› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن ؛ ‹‹ئەرەپلەرنىڭ ئەجەملەردىن (يەنى ئەرەپ بولمىغان مۇسۇلمانلار) ھېچ ئارتۇقچىلىقى يوق،ئەگەر بار دىيىلسە ئۇ تەقۋادارلىقتۇر››. (ئىبنى ئەبۇ ئاسىم رىۋايىتى).

‹11› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن ؛ ‹‹كىمكى جاھىلىيەت ئاتالغۇسى بىلەن (يەنى ۋالى،كادىر، بەشتە ياخشى ئائىلە ياكى مۇنەۋۋەر شەخس ..........،دىگەندەكناملار بىلەن) ماختانسا ئۇ ھەقىقەتەن جەھەننەم ئەھلىدىن بولىدۇ،دىگەندە بىر كىشى سورىدىكى:ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ! ئەگەر ئۇ ناماز ئوقىسىمۇ ،روزا تۇتسىمۇ شۇنداق بولامدۇ ؟!ـ دىۋىدى،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاپ بىرىپ:ئۇ ناماز ئوقىسىمۇ، روزا تۇتسىمۇ شۇنداق بولىدۇ،شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئاللاھ سىلەرنى ئاتىغان مۇسۇلمانلار،مۆئمىنلەر ۋە ئاللاھنىڭ بەندىلىرى دىگەن ئىسىملار بىلەن ماختىنىڭلار !!!››. (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى).

‹12› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن ؛ ‹‹كىشى بىرەر مۇناپىقنى ئى ۋالى! مۇدىر .....دىگەندەك (ھۆرمەت نامى بىلەن) ئاتىسا ئۇ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ››. (ھاكىم رىۋايىتى).

‹13› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن ؛ ‹‹مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئىككى كىشى نەسەبىنى بايان قىلىشىپ بىرى دىدىكى؛مەن بولسام پالانى،پالانىنىڭ ئوغلى.....دەپ ھەتتا توققۇزىنچى بوۋىسىغىچە مەن پالانى ،ئىسلام پەرزەنتىمەن .....دىدى،بۇ چاغدا ئاللاھ تەئالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلىپ : ھېلىقى نەسەب بايان قىلىشقۇچى ئىككى كىشىگە ئېيتىپ قويغىنكى:ئى دەۋزەختىكى توققۇز كىشىگە مەنسۇپ بولغان پالانى ! سەن دەۋزەختە ئۇلارنىڭ ئونىنچىسى بولىسەن.ئەمما سەن جەننەتتىكى ئىككى كىشىگە مەنسۇپ بولغان پالانى ! سەن جەننەتتە ئۇلارنىڭ ئۈچۈنچىسى بولىسەن ـ دىدى››. (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى).

‹14›ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن ؛ ‹‹كىمكى ئىنسانلارنى ناراى قىلىش بەدىلىگە ئاللاھنى رازى قىلسا ئاللاھ ئۇ كىشىنى ئۆز كىپىللىكىگە ئېلىپ ئىنسانلاردىن (يەنى زىيانكەشلىكىدىن) قوغدايدۇ،كىمكى ئىنسانلارنى رازى قىلىش بەدىلىگە ئاللاھنى نارازى قىلسا ئاللاھ ئۇ كىشىدىن يىراقلىشىپ ئۇنى ئىنسانلارغا تاشلاپ قويىدۇ››. (ئىبنى ھەببان رىۋايىتى).

‹15› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن ؛ ‹‹ئاللاھ تەئالا سىلەرنىڭ ‹قىل ۋە قال.....› (يەنى بۇ ھەقتە پالانى شەيخ تەرەپتىن مۇنداق دىيىلگەن ۋە پوكۇنى ئالىم مۇنداق دىگەن ئىدى.....) دىگەندەك ئاساسسىز سۆزلەرنى دەپ يۈرۈشۈڭلارنى يامان كۆرىدۇ››. (مۇسلىم رىۋايىتى).

‹16› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : ‹‹كەبىر گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭىدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويايمۇ؟ دېۋىدى،بىز شۇنداق قىلسىلا دېدۇق،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش دېدى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئاگاھ بولۇڭلاركى:(بۇنىڭ قاتارىدا) يالغان گۇۋاھلىق بېرىش،يالغان گۇۋاھلىق بېرىش،يالغان گۇۋاھلىق بېرىش (يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىش ـ پۈتكۈل ھاياتى شېرىككە توشۇپ كەتكەن كىشىلەرنى يالغاندىن مۇسۇلمان دەپ گۇۋاھلىق بېرىش ۋە ئاتاش جەھەتتە زور سالماقنى ئىگەللەيدىغان ئەڭ ئېغىر مەسىلىدۇر) مۇ بار دەپ بۇ سۆزنى بىر نەچچە رەت تەكرارلاۋەردى،ھەتتا بىز كۆڭلىمىزدە توختاپ قالسىكەن دەپ قالدۇق››. (ئىشەنچلىكلىكتە بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

‹17› ـ ئەبۇ سەئىددىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ؛ ‹‹مەن سىلەرگە مەسىھ دەججالدىن (يەنى فىتنىسىدىن) مۇ قورقۇنۇچلۇق بىر فىتنىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ ؟ ـ دېگەن ئىدى.ساھابىلار شۇنداق قىلسىلا دېدى،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : ئۇ مەخپى شېرىككى بىرى ناماز ئوقۇۋېتىپ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقى سەۋەپلىك نامىزىنى زىننەتلەشكە باشلايدۇ ـ دېدى››. (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى).

‹18› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ؛ ‹‹مېنىڭ ئۈممىتىمدىكى شېرىك (يەنى ئەقىدىسى ۋە ھاياتىغا سىڭىپ كىرىدىغان شېرىك) قارا چۈمۈلىنىڭ قاراڭغۇ كېچىدىكى قارا تاشنىڭ يۈزىدىكى ھەرىكىتىدىنمۇ مەخپىيدۇر››. (تىرمىزى رىۋايىتى).

‹19› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ؛ ‹‹بىر كىشى چىۋىن سەۋەپلىك جەننەتكە كىردى،يەنە بىر كىشى چىۋىن سەۋەپلىك دوۋزەخكە كىردى ـ دېدى.ساھابىلار ئى رەسۇلۇللاھ ! ئاشۇ ئىش قانداق يۈز بەرگەن ؟ دەپ سورىغانتى ،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئاشۇ ۋەقەلىكنى بايان قىلىپ) ئىككى كىشى بۇتقا چوقۇنىدىغان بىر قەۋمنىڭ شەھرىدىن ئۆتتى،ئۇلارنىڭ قانۇنىدا شەھەردىن ئۆتمەكچى بولغان ھەر قانداق كىشىنىڭ بۇتلىرى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشى بەلگىلەنگەن ئىدى،ئۇلار ئىككىسىنىڭ بىرىگە (بۇت ئۈچۈن) قۇربانلىق قىل ! دېگەن ئىدى،ئۇ مېنىڭ قۇربانلىق قىلغۇدەك نەرسەم يوق دېدى،ئۇلار بۇنىڭغا (بۇت ئۈچۈن) چىۋىن بولسىمۇ قۇربانلىق قىل ! دېدى ، ئاندىن ئۇ (ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن) بىر چىۋىن قۇربانلىق (ھىلقى كىشى ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنى رازى قىلىش ئۈچۈن بىر دانە چىۋىن ئۆلتۈرگەنىدى) قىلىۋىدى،ئۇلار ئۇنى ئۆتكۈزىۋەتتى.نەتىجىدە ئۇ (شۇ ئارقىلىق) دوۋزەخكە كىردى.ئۇلار يەنە بىر كىشىگىمۇ قۇربانلىق قىل ! دېدى،ئۇ كىشى مەن ئاللاھتىن باشقا بىرسىگە ھېچ نەرسە قۇربانلىق قىلمايمەن دەپ تۇرىۋالدى،ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى.نەتىجىدە ئۇ (شۇ ئارقىلىق) جەننەتكە كىردى››. (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى).

‹20› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ؛ ‹‹زۇلمەتلىك كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدەك (ھەممە جاينى قاپلاپ كەتكەن) پىتنىلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەمەللەرنى كۆپرەك قىلىشقا تىرىشىڭلار.(چۈنكى بۇ پىتنىلەر تەسىرىدە) كىشى ئەتىگەندە مۆئمىن بولۇپ،كەچتە كاپىر بولىدۇ.ياكى كەچتە مۆئمىن بولۇپ،ئەتىگەندە كاپىر بولىدۇ.ھەتتا دۇنيا مەنپەئىتىنى دەپ ئۆز دىنىنىمۇ سېتىۋېتىدۇ››.(مۇسلىم رىۋايىتى).

‹21› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دىگەن ؛ ‹‹مىنىڭ ئۇممىتىمگە دەججالدىنمۇ چوڭراق زىيان يەتكۈزىدىغىنى ئازدۇرغۇچى ئىماملاردۇر››. (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى).

‹22› ـ ئۇستاز ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىگەن ؛ ‹‹ھىمسى شەھەرلىك بىر ئايال ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىز جاھىلىيەتتە ئازغۇنلۇقتا ئىدۇق،ئاللاھ بىزگە بۇ ياخشىلىقنى (يەنى ئىسلامنى) ئىلىپ كەلدى،بۇ ياخشىلىقنىڭ داۋاملىششى نىمە بىلەن قولغا كىلىدۇ ؟ ـ دەپ سورىدى.ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ : ئىماملىرىڭلارنىڭ ھەر دائىم سىلەرنى تىزگىنلەپ تۇرىشى بىلەن ـ دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى،ھىلىقى ئايال : ئىماملار دىگەن كىم ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ : ئىچىڭلاردا سۆزىنى ئاڭلاپ،ئىتائەت قىلىدىغان نۇپۇزلۇق،مۆتىۋەر شەخسلەر يوقمۇ ؟ ـ دىدى.ھىلىقى ئايال : بار ـ دىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ :ئۇلار ئەنە شۇ كىشىلەردۇر ـ دىدى››. (بۇخارى رىۋايىتى).

‹23› ـ بىر قىتىم پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ؛ ‹‹مەندىن كىيىن سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا سۈننەتنى تەرك ئىتىپ،بىدئەتكە ئەمەل قىلىدىغان،ھەمدە نامازنى ئۆز ۋاقتىلىرىدىن كىچىكتۈرىۋىتىدىغان بەزى كىشىلەر ئىگە بولىشىدۇ›› دىدى.مەن ئۇنىڭدىن ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ! ئەگەر شۇلارغا يولۇقۇپ قالسام قانداق قىلىمەن ؟ دەپ سورىسام،پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام جاۋاپ بىرىپ؛‹‹ئەي ئۇممۇ ئەبدىنىڭ ئوغلى ! قانداق قىلىشنى سورايسەنغۇ ؟! ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان كىشىگە ئىتائەت قىلىش يوق›› دىگەن ئىدى. (چاتما سەھىھ ھەدىس).

‹24› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دىگەن ؛ ‹‹مەندىن كىيىن بىر بۆلۈك (ئاتالمىش مۇسۇلمان) ئەمىرلەر مەيدانغا كىلىدۇ،ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ يالغانچىلىقىغا چاپان ياپقان ۋە جىنايى ھەركىتىگە ياردەملەشكەن كىشى مەندىن ئەمەس،مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئەمەس،ھەمدە ئۇ ھەۋزى كەۋسەردىنمۇ مەھرۇم قالىدۇ››. (تىرمىزى رىۋايىتى).

‹25› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دىگەن ؛ ‹‹سۇلتان* بىلەن كۆپ ئارىلاشقان ئالىمنى كۆرسەڭ بىلىۋالغىنكى ! ئۇ ئوغرى ـ ئوچۇق بۇلاڭچىدۇر››.
(مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە بۇ ھەقتە توختۇلۇپ مۇنداق دىگەن ؛ سۇلتاننىڭ ئىشىك ئالدىدىن كىتەلمەيدىغان قارىيدىن نىجاسەتكە قونغان چىۋىن ياخشىراقتۇر).

* سۇلتان ـ مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ گۇللەپ ياشنىشى ھەم داۋام ئىتىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلارمۇ بۇ تۈرگە تەۋەدۇر.

‹26› ـ ئۇسامە ئىبنى زەيدتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دىگەن ؛ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم،‹‹قىيامەت كۈنى بىر كىشى ئىلىپ كىلىنىپ دەۋزەخكە تاشلىنىدۇ،(دەۋزەخ ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىدىن) ئۇ كىشىنىڭ ئۈچەيلىرى قىچىپ چىقىپ گوياكى تۈگمەن ئەتراپىدا ئىشەك ئايلانغاندەك ئايلىنىپ يۈرىيدۇ،(بۇنى كۆرگەن) دەۋزەخ ئەھلى ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ : ھەي پالانى ! بۇ نىمە ئىش ؟ سەن كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ،يامانلىقتىن توساتتىڭ ئەمەسمۇ

؟ ـ دەيدۇ،ئۇ كىشى جاۋابەن : شۇنداق،مەن ياخشىلىققا بۇيرۇيتتىم،لىكىن ئۆزۈم قىلمايتتىم،يامانلىقتىن توسايتتىميۇ،لېكىن ئۆزۈم يانمايتتىم ـ دەيدۇ››.      (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

‹27› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (مەدىنىگە قىلغان ھىجرىتىدە) ئىز قالدۇرماسلىق ئۈچۈن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ماڭغىنىدا يالاڭ ـ ئاياغ بولغانلىقىدىن سەۋرى غارىغا يىتىپ بارماستىنلا پۇتلىرى قاناپ كەتتى،سەپىدىشى ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئادەتتىن تاشقىرى كۆيۈنگەنلىكىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سەۋرى غارىغىچە كۆتۈرۈپ ئەكەلدى.      (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسقىچە تارىخى 167 ـ بەت).

‹28› ـ ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى؛ ‹‹دادام رەسۇلۇللاھ بىلەن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكەندە قۇرەيشلىك ئەبۇ جەھىل قاتارلىق بىر بۆلەك كىشىلەر بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى،مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققان ئىدىم، ئۇلار:ئى ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ! داداڭ قەيەرگە كەتتى ؟ ـ دەپ سورىدى،مەن : ئاللاھ بىلەن قەسەمكى قەيەرگە كەتكىنىنى بىلمەيمەن ـ دېدىم،ئەبۇ جەھىل قولىنى كۆتۈرگىنىچە كاچىتىمغا بىرنى سالغانتى،(ئۇنىڭ زەربىسىدىن) مۇنچىقىممۇ ئۈچۈپ كەتتى››. (پەيغەمبەر تارىخىنىڭ 1 ـ قىسمى433 ـ بەت).

‹29› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : ‹‹جەننەت جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن،دەۋزەخ بولسا راھەت ـ پاراغەت بىلەن قورشالغان››.      (مۇسلىم،تىرمىزى،ئەبۇ داۋۇد،نەسەئى،ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى).

‹30› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : ‹‹مەن مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا ياشىغان ھەر قانداق مۇسۇلماندىن ئادا ـ جۇدامەن،ساھابىلار:(ھەيرانلىق ئىچىدە) ئى رەسۇلۇللاھ ! بۇ نىمە دېگىنىڭ ؟ دېگەنتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋابەن:ئۇلارنىڭ تۇتۇنلىرىمۇ بىرلىشىپ قالماسلىقى كېرەك ـ دېدى››. (ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى).

‹31› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : ‹‹كىمكى مۇشرىكلار دىيارىنى (زاۋۇت،كان ـ كارخانىلارنى قۇرۇش ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنى كۆكەرتىش.....ئارقىلىق) ئاۋاتلاشتۇرسا،ھەمدە ئۇلارنىڭ (دۆلەت بايرىمى،يېڭى يىل بايرىمى،نورۇز بايرىمى،ئاياللار بايرىمى،ياشلار بايرىمى......دىگەندەك) بايراملىرىغا ھەمشېرىك بولۇپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇلار بىلەن ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسا،قىيامەت كۈنى ئۇلار بىلەن بىللە قوپىدۇ››. (بەيھەقى رىۋايىتى).

‹32› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : ‹‹دىنىدىن تۇنجى قېتىم يوقىتىلىدىغان نەرسە ھۆكۈمرانلىق بولىدۇ›› .      (سەھىھ ھەدىس).

‹33›- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سەپەردە بىرگە بولغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: سىلەر ماڭغاچ تۇرۇڭلار - دېدى، ئاندىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: كەل! سەن بىلەن مۇسابىقىلىشەمەن - دېدى، ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز: مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇسابىقىلىشىپ، يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتىم، مەن ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم سەپەرگە چىققان ۋاقتىمدا ئۇ ساھابىلەرگە: سىلەر ماڭغاچ تۇرۇڭلار! دېگەندىن كېيىن كەل! سەن بىلەن مۇسابىقىلىشەمەن، ئۆتكەندە سەن مېنى يېڭىۋالغان ئىدىڭ - دېدى، بۇ چاغدا مەن سەمرىپ قالغان ئىدىم، شۇنىڭ بىلەن مەن: بۇ ھالدا سىلى بىلەن قانداقمۇ مۇسابىقىلىشەمەن؟ - دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: چوقۇم مۇسابىقىلىشىمىز دەپ تۇرىۋالدى، شۇنداق قىلىپ مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇسابىقىلەشتىم، ئۇ ئالدىمغا ئۆتۈپ كەتتى ۋە ئېيتتى: ئىلگىرىكى قېتىمدا سەن يېڭىۋالغان ئىدىڭ ئەمدى تەڭلەشتۇق››. (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

‹34›- مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ‹‹ئىشنىڭ بېشى، تۈۋرۈكى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدىن خەۋەر بىرەيمۇ؟ - دېدى، مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن: ماقۇل دېدىم، ئۇ ئىشنىڭ بېشى ئىسلام، تۈۋرۈكى ناماز، ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر - دېدى››. (تىرمىزى رىۋايىتى).

‹35› - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ‹‹ئۈممىتىمنىڭ ساياھىتى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر›› (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

‹36› - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ‹‹بىلىپ قويۇڭلاركى! جەننەت چوقۇم قىلىچلار سايىسى ئاستىدا››. (بۇخارى رىۋايىتى).

‹37› - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ‹‹جەننەتتە يۈز دەرىجە بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ يولىدا جىھاد قىلغان مۇجاھىدلارغا تەييارلىدى، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىسى ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك كېلىدۇ›› (بۇخارى رىۋايىتى).

‹38›- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بىر كىشى كېلىپ: كىشىلەرنىڭ ئەۋزىلى كىم؟ - دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹‹ئاللاھ يولىدا جېنى ۋە مېلى بىلەن جىھاد قىلغان كىشى›› دەپ جاۋاپ بەردى. (مۇسلىم رىۋايىتى).

‹39›- بىر كىشى ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ يولىدىكى جىھادقا تەڭ كېلىدىغان بىرەر ئەمەل بولسا ئېيتىپ بەرسەڭ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹‹مەن ئۇنداق ئەمەلنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن›› دىگەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ‹‹ئەگەر بار دېيىلگەن تەقدىردە (ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچى) مۇجاھىد جىھادقا

چقىپ كىتىپ تاكى قايتىپ كەلگەنگە قەدەر مەسچىتكە كىرىپ ھېرىپ چارچىماستىن قىيامدا (يەنى نامازدا) تۇرۇشقا ۋە ئېغىز ئاچماستىن روزا تۇتۇشقا قادىر بولالامسەن ؟››دېدى،ھېلىقى كىشى (ھەيرانلىق ئىلكىدە) بۇنىڭغا كىممۇ بەرداشلىق بىرەلىسۇن ـ دېدى.          (بۇخارى رىۋايىتى).

‹40› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن ؛ ‹‹كىمكى ئاللاھ يولىدا بىر پاي ئوق ئاتىدىكەن (ئوق دۈشمەنگە تەگسۇن ياكى تەگمىسۇن) بىر قۇل ئازاد قىلغانىنىڭ باراۋىرىدە بولىدۇ››.    (تىرمىزى رىۋايىتى).

‹41› ـ قۇراللانغان بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىلىپ:ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ! ئۇرۇشقا كىرەيمۇ ياكى ئىسلام كەلتۈرەيمۇ ؟ ـ دېدى،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹‹ئىسلام كەلتۈر ! ئاندىن ئۇرۇش قىل!›› دەپ جاۋاپ بەردى،ئۇ كىشى (چىن قەلبىدىن) ئىسلام كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇرۇشقا كىرىپ شەھىد بولدى. بۇ كىشى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹‹بۇ كىشى ئاز ئەمەل بىلەن كۆپ ئەجىرگە ئېرىشتى››دەپ خەۋەر بەردى.          (بۇخارى رىۋايىتى).

‹42› ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛ مەن ۋە رەسۇلۇللاھ كەئبىنىڭ يىنىغا كەلدۇق،رەسۇلۇللاھ ماڭا ‹‹ئولتۇر!››دېدى ۋە مېنىڭ مۆرەمگە چىقتى،مەن ئۇنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كۆچىدىم،ئۇ مېنىڭ ئاجىز كەلگەنلىكىمنى كۆرۈپ مۆرەمدىن چۈشۈپ كەتتى ۋە رەسۇلۇللاھ ئولتۇرۇپ ماڭا ‹‹مۆرەمگە چىق !›› دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛ رەسۇلۇللاھ مېنى بىرلا كۆتىرىۋىدى،گويا ئۆزۈمنى ئاسمانغا چىقىپ كىتىدىغاندەك ئويلاپ قالدىم،مەن شۇنداق قىلىپ كەئبىنىڭ ئۈستىگە چىقتىم،ئۇ يەردە بىر مىس بۇت بار ئېدى،مەن ئۇنى ھەر تەرەپتىن دەسسەپ ـ ئۇرۇپ يەنجىۋەتتىم،رەسۇلۇللاھ ‹‹ئۇنى تاشلا !›› دېدى،مەن ئۇنى تاشلىدىم،ئۇ خۇددى ئەينەك سۇنغاندەك سۇندى،ئاندىن مەن يېنىپ چۈشتۈم،رەسۇلۇللاھ بىلەن ئىككەيلەن بىرەرسىنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن تېزدىن يۈرۈپ ئۆيلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتۇق. (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى بۇ ۋەقە ھىجرەتتىن بۇرۇن بولغان).

‹43› ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛مەن بەدرى كۈنىدە جىھاد مەيدانىدىكى سىپىمىزگە قارىسام،بىزنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قوغدىنىپ قالغانلىقىمىزنى كۆردۈم.ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزدىكى دۈشمەنگە ئەڭ يېقىن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ (دۈشمەنگە زەربە بىرىشتە) ئەڭ كۈچلۈكى بولغان ئېدى.
(ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى).

‹44› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوھۇد ئۇرىشىدا باتۇرلۇق بىلەن شۇنداق قاتتىق ئۇرۇشتىكى (بۇندىن ئىلگىرى) ھېچ قانداق كىشى ئۇنىڭدەك ئۇرۇشۇپ باققان ئەمەس.     (زادۇل مەئاد) .

‹45› ـ ئۇمەير ئىبنى ھۇمام بەدرى كۈنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ‹‹كەڭلىكى ئاسمان ـ زىمىندەك كېلىدىغان جەننەتكە (كىرىش ئۈچۈن ئورنۇڭلاردىن) دەس تۇرۇڭلار ! دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن

:ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ! جەننەتنىڭ كەڭلىكى ئاسمان بىلەن زېمىن ئارلىقىدەك شۇنچىۋالا كەڭرىمۇ ؟ ـ دەپ سورىدى،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :‹ھەئە شۇنداق › دەپ جاۋاپ بەردى،ئۇمەيىر ئىبنى ھۇمام :پاھ ! پاھ ! ........ ـ دېدى،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىمىگە پاھ ! پاھ ! پاھ ! ..... دەيسەن ـ دەپ سورىدى،ئۇمەيىر ئىبنى ھۇمام : ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى مەن ئاشۇ جەننەتنىڭ ئەھلىدىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن دېدى،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ‹سەن ئۇنىڭ ئەھلىدىن› دېدى،ئۇمەيىر ئىبنى ھۇمام يېنىدىكى خالتىسىدىن ئېلىپ يەۋاتقان خورمىلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ،بۇ خورمىلارنى دەپ ۋاختىمنى ئىسراپ قىلسام تولىمۇ كىچىككەن بولمامدىمەن دېدى ـ دە ،خورمىلارنى تاشلاپ ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا) قارشى ئۇرۇشقا كىرىپ ئاخىرى شەھىد بولدى. (مۇسلىم رىۋايىتى).

‹ **46** › ـ سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە مەن بىلەن ئىسمىداش بولغان تاغام ئەنەس مۇنداق

دەيدۇ ; ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ تاغىسى ئەنەس ئىبنى نەزىير پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بەدرى جىھادىغا قاتنىشالمىغان بولۇپ،ئۇ ئۆزىنىڭ جىھادتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا قاتتىق ئېچى پۇشتى،ھەمدە (ئۆزىگە چوڭقۇر ئىشەنچ باغلىغان ھالدا) ئېيتتىكى:مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتناشقان بىرىنچى قېتىملىق جىھادقا قاتنىشالمىدىم،ئەگەر ئاللاھ بۇندىن كېيىن مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە جىھادقا چىقىشقا مۇۋەپپەق قىلسا،مىنىڭ قانداق جىھاد قىلىدىغانلىقىمنى كۆرىدۇ ـ دېدى،ئۇ ئوھۇد كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە جىھادقا چىقتى،ئۇنىڭغا سەئىيد ئىبنى مۇئاز ئۇچراشقاندا ( ئۇ خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي) ئى سەئىيد ! پاھ! پاھ! پاھ!....جەننەتنىڭ پۇرىقى،ماڭا ئوھۇد تاغلىرىدىن جەننەتنىڭ پۇراقلىرى پۇراۋاتىدۇ ـ دېدى،دە (مەككە مۇشرىكلىرىغا قارشى) جىھادقا كىرىپ كەتتى ۋە ئاخىرى ئۇ شەھىد بولدى.ئۇنىڭ جەستىدە سەكسەن نەچچە قىلىچ،نەيزە ۋە ئوقلار جاراھىتى تېپىلدى،ئەنەس:ھامما ئاچىسىنىڭ ( ئەنەس ئىبنى نەزىيرنىڭ قىز بىر تۇققىنىنىڭ) مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ،مەن قېرىندىشىمنى (ئاران تەسلىكتە) بارمىقىدىن تونۇدۇم. (مۇسلىم رىۋايىتى).

ئاللاھ تەئالا بۇ باھادىر ئەزىمەتنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ جاسارىتىدىن مەمنۇن بولۇپ،تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى ; { مۆئمىنلەر ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن جىھادقا چىققاندا سۇباتلىق بولۇپ،شەھىيد بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جىھاد قىلىش توغۇرلۇق) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار،ئۇلارنىڭ بەزىسى (بەرگەن ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىپ) شەھىيد بولدى،يەنە بەزىسى شەھىيد بولۇشنى كۈتمەكتە،ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن) ئەھدىسىنى ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق }.(سۈرە ئەھزاب 23 ـ ئايەت).

‹ **47** › ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ; ‹‹شەھىيدتىن باشقا ھېچ قانداق كىشى جەننەتكە

كىرىپ بولغاندىن كېيىن،دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ بولسىمۇ بۇ دۇنياغا قايتىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ،ئەمما شەھىيد بولغان كىشىلا ئاللاھ بەرگەن تەسۋىرلىگۈسىز نېئمەتلەر سەۋەبىدىن نەچچە ئون قېتىم دۇنياغا قايتىپ ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ››. (بۇخارى رىۋايىتى).

‹ **48** › ـ ئەبۇ تەلھە ‹سۈرە تەۋبە› نى ئوقۇۋېتىپ { ئى مۆئمىنلەر ! سىلەر يېنىك ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە

(يەنى مەيلى قېرى ـ ياش،ئۇلاقلىق ياكى پىيادە بولۇڭلا،مەيلى ئوڭۇشلۇق ياكى قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار،مەيلى ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز بولۇڭلار،ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار.ئاللاھنىڭ يولىدا مېلىڭلار ۋە جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار.ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر }.دېگەن بۇ ئايەتكە كەلگەندە ; ئى باللىرىم ! مەن بۇ ئايەتتىن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىز قېرى ياكى ياش بولايلى ھەممىمىزنى جىھادقا چىقىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم.مېنى(جىھادقا) جابدۇپ قويۇڭلار ـ دەپ

تۆرىۋالدى،ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ؛ ئاللاھ سىزگە رەھمەت قىلسۇن ! سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە جىھادقا قاتناشتىڭىز،ھەمدە (بىرىنچى خەلىپە) ئەبۇ بەكرى ۋە (ئىككىنچى خەلىپە) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن جىھاد قىلىپ ھاياتىڭىزنى جىھاد مەيدانىدا ئۆتكۈزدىڭىز،سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بىز جىھادقا چىقايلى ! ـ دېگەن ئىدى،ئەبۇ تەلھە ئوغۇللىرىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن مۇجاھىدلار بىلەن دېڭىز سەپىرىگە ئاتلىنىپ (جىھاد سەپىرىدە) ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى.مۇجاھىدلار ئۇنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن قۇرۇقلۇق تاپالماي توققۇز كۈندىن كېيىن دەپنە قىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭ جەستىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان ئىدى. (ئىبنى كەسىر).

‹ 49 › ـ تابىئىنلاردىن بىرى مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ ؛ مەن

مىقداد ئىبنى ئەسۋەدنى ھىمىسى شەھرىدە بىر سەررەپچانىنىڭ ئالدىدا كۆرگەن ئىدىم،ئۇنىڭ سىمىزلىكىدىن ئولتۇرغان ئورۇندۇقىدىن گۆشلىرى پولتىيىپ چىقىپ قالغان ئىدى.مەن (ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ) بۇ يىل جىھادقا چىقماي قالساڭ بولمامدۇ ؟ پەقەت بىر يىل ! ـ دېدىم،مىقداد جاۋابەن؛ بۇنىڭغا سۈرە تەۋبە يول قويمايدۇ. . . . . . ـ دەپ جاۋاپ بەردى. (ئىبنى كەسىر).

‹ 50 › ـ ئىبنى جەرىير ھەببان ئىبنى زەيدتىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ ؛ بىز سەفۋان ئىبنى ئەمىر بىلەن بىرگە جىھادقا چىققان ئىدۇق،سەفۋان شۇ كۈنلەردە ھىمىسى شەھرىنىڭ ۋالىسى ئىدى،ئۇشتۇمتۇت مەن بەكلا قىرىپ كەتكەنلىكىدىن قاشلىرى كۆزلىرىنى يىپىۋالغان بىر بوۋاينى كۆرۈپ قالدىم،ئۇ دەمەشقلىق بولۇپ،تۆگىسىگە مىنگەن ھالدا ھۇجۇمچى قوشۇن ئىچىدە تۇراتتى.مەن ئۇنىڭ يېنىغا بىرىپ ؛ئى تاغا ! ئاللاھ سىز دىمەتلىك كىشلەرنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلغان ئىدىغۇ ؟!ـ دېدىم.ئۇ تەسلىكتە كۆزىنى ئاچقاندىن كېيىن ماڭا جاۋابەن ؛ ئى قېرىنداشىمنىڭ ئوغلى ! ئاللاھ قېرى ـ ياش ھەممىمىزنىڭ جىھادقا چىقىشىمىزنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ،بىراق ئاللاھ ئۆزى ياخشى كۆرگەن بەندىسىنى قايتا ـ قايتا ئىمتىھان قىلىپ تاۋلاپ چىقىدۇ،ئاللاھنىڭ بۇ نىئمىتىگە پەقەت ئاللاھقىلا قۇلچىلىق قىلىدىغان،قانائەتچان،سەبىر ـ تاقەتلىك ۋە تەقۋا كىشلەرلا سازاۋەر بولالايدۇ.
(يۇقارقى ئۈچ كىشى قاتناشقان جىھاد پەرىز كۇپايە ئىدى). (ئىبنى كەسىر).

‹ 51 › ـ ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛ مەن (ئوھۇد جىھادىدا) ئائىشە بىنتى ئەبۇ بەكرى ۋە

ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ كىيىملىرىنى تۈرىۋېتىپ تۇلۇمدا توختىماستىن سۇ توشۇپ كىشلەرگە (يەنى مۇجاھىدلارغا) ئۇسسۇزلۇق بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.ئۇلارنىڭ پۇت بولەيزۇكىمۇ ئوچۇق قالغان ئىدى. (بۇخارى رىۋايىتى).

‹ 52 › ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ؛ ‹‹ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىپ (ئۇنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرماي)

تاشلاپ قويغان كىشى بىزدىن ئەمەس ياكى گۇناھكار بولىدۇ››. (مۇسلىم رىۋايىتى).

(بۇ ئاگاھلاندۇرۇش ئەسكىرى مەشىقنى بىر قېتىم ئالغان كىشىگە بولسا،ئۇنداقتا ئەسكىرى مەشىقنى پەقەت ئالمىغان كىشىگە قانداق بولار !!!).

‹53› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دىگەن : ‹‹كىمكى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلمىسا ياكى جىھاد قىلغۇچى مۇجاھىدنى تەييارلاپ (جابدۇپ) جىھادقا يولغا سالمىسا ياكى مۇجاھىدنىڭ ئائىلىسىگە ياخشىلىق بىلەن قاراپ قويمىسا،ئاللاھ ئۇنداق كىشىنى مۇشۇ دۇنيانىڭ ئۆزىدە ھالاكەتلىك مۇسىبەتكە دۇچار قىلىدۇ››. (تىرمىزى رىۋايىتى).

‹54› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دىگەن : ‹‹سىلەرگە بارلىق مىللەتلەر بىر لوقما تائامغا ئولاشقاندەك ئولىشىپ كىلىدۇ،شۇ كۈنلەردە سانىمىزنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىدىن شۇنداق بولامدۇ ؟ ـ دېيىلگەندە،پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام : بەلكى شۇ كۈنلەردە سىلەرنىڭ سانىڭلار كۆپ،بىراق سەلدىكى كۆپۈككە ئوخشاپ قالىسىلەر ،دۈشمەنلىرىڭلار سىلەردىن قورقماس بولۇپ كىتىدۇ،ئاللاھ دىلىڭلارغا بوشاڭلىقنى تاشلايدۇ ـ دېدى.ساھابىلار : بوشاڭلىق دېگەن نىمە ؟ ـ دېۋىدى،پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام : بوشاڭلىق دېگەن ـ دۇنياپەرەسلىك ۋە ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش دېدى››. (ئەھمەد رىۋايىتى).

‹55› ـ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دىگەن : ‹‹ئەگەر سىلەر سودا ـ تىجارەتلەرگە بېرىلىپ،چارۋىچىلىق ، دېھقانچىلىقىڭلار بىلەن رازى بولۇپ ئاللاھ بۇيرىغان جىھادنى تاشلاپ قويساڭلار ،ئاللاھ سىلەرنى خارلىققا (زالىم پادىشاھقا) مۇپتىلا قىلىپ قويىدۇ،ئاللاھ ئۇ خارلىقنى (يەنى زالىم پادىشاھنى) تاكى سىلەر دىنىڭلارغا قايتمىغۇچىلىك (يەنى جىھاد ئىبادىتىنى ئادا قىلمىغۇچىلىك) كۆتىرىۋەتمەيدۇ››. (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

يۇقىرىقى ھەدىسنى ئارقا كۆرنىش قىلغان تارىخى ئەسەر ‹‹ ؛ ساھابىلار ۋە تابىئىنلاردىن ئىبارەت مۇجاھىدلار قوشۇنى پەلەستىننى پەتىھ قىلىپ،رۇم دۆلىتىنىڭ شام شەھىرىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەرگەن ئىدى.پادىشاھ ھىرەقلى شام شەھىرىنى تاپشۇرىۋېتىپ؛ ئى سۇرىيە ! خوش.....خوش....بىز ئەمدى ئۇچرىشالمايمىز،دىگەن ۋاقىتتا ساھابە ۋە تابىئىنلاردىن بىر تۈركۈم مۇجاھىدلار پەلەستىندە ئورۇنلىشىپ،غەنىمەت ئالغان يەرلەردە دېھقانچىلىق قىلىشقا باشلىغان ئىدى.خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇجاھىدلارنىڭ يەر تېرىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ،ئۇلارغا بىر ئەلچى ئەۋەتكەن،ۋە خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەلچىگە ؛بىرىپ ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىنى كۆيدۈرىۋەت ! ئاندىن ئۇلارغا مىنىڭ بۇ خىتىمنى بەرگىن ـ دېگەن،بۇ كىشى ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىنى كۆيدۈرۈشكە باشلىغاندا ساھابىلار ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرگەن.ھېلىقى ئەلچى مەندە ئۆمەرنىڭ خىتى بار ـ دېگەندىن كېيىن ئۇلار جىم بولۇشقان،چۈنكى ئۇلار ئۆمەرنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلمايتتى.ئۇ كىشى زىرائەتلەرنى كۆيدۈرىۋېتىپ بولغاندىن كېيىن (بۇ زىرائەتلەر ـ راسا ئوخشىغان بوغدايلار ئىدى) خەلىپە ئۆمەرنىڭ خىتىنى ئۇلارغا بەرگەن،ئۇ خەتتە مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى؛ سىلەرنىڭ ئۇزۇق ـ تۈلۈكۈڭلار پەقەت دۈشمىنىڭلارنىڭ ئاغزىدىن يۇلۇپ ئالغان غەنىيمەت بولۇشى كېرەك.ئەگەر سىلەر جىھادنى تەرك ئىتىپ،زىرائەت تېرىش بىلەن مەشغۇل بولساڭلار ......مەن سىلەردىن باج ئېلىپ (بۇ يەردىكى باج كاپىرلاردىن ئېلىنىدىغان جىزيە) ،سىلەرگە يەھۇدى ـ ناسارالارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىمەن........››.

# خەلقىمىزدە كۆرۈلۈۋاتقان كۇفرى ۋە شېرىكلەر

## 1 ـ غەيرى قانۇننى قانۇن قىلىش.

نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلسىمۇ،ئەپسۇسكى ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئەشەددى دۈشمىنى بولغان سوتسىيالىزىمغا ۋە سوتسىيالىزىمچە جەمئىيەت ، تۇرمۇش،ئۆرپ ـ ئادەت ........قاتارلىقلارغا رازى بولۇش ۋە قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئىجرا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا كاپىر بولىۋاتىدۇ.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن ؛ { ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكۈمىنى تەلەپ قىلىۋاتامدۇ ؟ ئاللاھقا چىن قەلبىدىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە (يەنى قانۇن چىقىرىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشتا) ئاللاھتىنمۇ ئادىل كىم بار }. (سۈرە مائىدە 50 ـ ئايەت).

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دېگەن ؛ { ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتاپلارغا (يەنى تەۋرات ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ ؟ ئۇلار ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى تاغۇتلار (يەنى ئاللاھتىن باشقا بويسۇنۇلۇۋاتقان ۋە بۇيرۇقلىرى ئىجرا قىلىنىۋاتقان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار) نىڭ يېنىغا ئېلىپ بارماقچى بولىشىۋاتىدۇ،ھالبۇكى ئۇلار ئاشۇ تاغۇتلارنى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان ، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ }. (سۈرە نىسا 60 ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ؛ ‹‹شەك ـ شۈبھىسىزكى موللا ـ پوپلار ناسارالارغا ،ھالالنى ـ ھارام،ھارامنى ـ ھالال دەپ كۆرسەتتى،ئاندىن ئۇلار موللا ـ پوپلىرىغا ئەگەشتى.ئاشۇ ئەگەشكەنلىك موللا ـ پوپلارغا ئىبادەت قىلغانلىقتۇر››. (ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى).

## 2 ـ ئاللاھتىنلا سورىلىدىغان ھاجەتلەرنى ئاللاھنىڭ غەيرىدىن سوراش.

نۇرغۇن كىشىلەر ‹تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى›،‹ياردەم پۇلى›..........دىگەندەك ھاياتىدا ئېھتىياجلىق بولغان ماددى ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى ئاللاھنىڭ ھوقۇقى ۋە ھاكىمىيتىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلاردىن سوراش ئارقىلىق ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىۋاتىدۇ.

ئاللاھ تەئالا سالىھ مۆئمىنلەرنىڭ دۇئاسىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى ؛ { (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز }. (سۈرە فاتىھە 5 ـ ئايەت).

ئاللاھ تەئەلا يەنە مۇنداق دەيدۇ ؛ { سىلەر ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىگەن ئېدىڭلار،ئاللاھ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى.............ياردەم پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىنلا كىلىدۇ }. (سۈرە ئەنفال 9 ـ 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ ؛ ‹‹مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان بىر سەپەردە ئۇ مېنى تۆگىسىنىڭ كەينىگە مىندۈرىۋالغان ئىدى،ئۇ (كىتىۋتىپ) ماڭا ؛ھەي يىگىت ! سوۋغات سۈپىتىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ـ نەچچە ئېغىز سۆزلەر بىلەن سېنى ئەسكەرتىپ قويايمۇ ؟!......بىرەر نەرسە سورىماقچى بولساڭ ئاللاھنىڭ ئۆزىدىن سورا،ياردەم تىلىمەكچى بولساڭمۇ ئاللاھتىن تىلە.....››. (ئىبنى ئەبۇ ئاسىم رىۋايىتى) .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر كېسەلنىڭ قېشىغا كەلسە مۇنداق دەيتتى؛ ‹‹ئى ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى ! قىيىنچىلىقنى كەتكۈزسىلە ! ،شىپالىق بەرسىلە،پەقەت سىلىلا شىپالىق بەرگۈچى،سىلىنىڭ شىپالىقلىرىدىن باشقا ھېچ قانداق شىپالىق يوق.كېسەلگە راھەت بېرىدىغان شىپالىق بەرسىلە››. بۇخارى رىۋايىتى).

### 3 ـ كۇفرى ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى كۆرگەندە ۋە ئاڭلىغاندا قارشى ئىپادە بىلدۈرمەسلىك.

نۇرغۇن كىشىلەر دىنىمىز (يەنى ئاللاھ ، پەرىشتە ، قۇرئان ، پەيغەمبەر ، جەننەت ، دەۋزەخ......قاتارلىق ئەقىدىلەر ۋە پەرز ،ۋاجىپ ، ھالال ، ھارام......قاتارلىق ھۆكۈملەر) ئىنكار قىلىنغان ياكى مەسخىرە قىلىنغان سورۇنلاردا قارشى ئىپادە بىلدۈرمەي ياكى ئايرىلىپ چىقماي ئۆزلىرىنىڭ دىنىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايۋاتىدۇ.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ ؛ { ئاللاھ تەئالا كىتاپتا (يەنى قۇرئاندا) سىلەرگە نازىل قىلدىكى،سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئىنكار قىلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا ، ئۇلار (يەنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان كاپىرلار) باشقا پاراڭغا كىرىشمىگۈچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار !!!،بولمىسا (گۇناھتا) ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر.ئاللاھ ھەقىقەتەن مۇناپىق ۋە كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلايدۇ }.      (سۈرە نىسا 140 ـ ئايەت) .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ ؛ ‹‹سىلەردىن كىمكى مۇنكەر (يەنى شەرىئەتكە خىلاپ بىرەر ئىش) نى كۆرسە قولى بىلەن بىلەن ئۆزگەرتسۇن ! ئەگەر قولى بىلەن ئۆگەرتىشكە تاقىتى يەتمىسە تىلى بىلەن ئاگاھلاندۇرسۇن ! ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ تاقىتى يەتمىسە دىلىدا نارازى بولسۇن ! (قەلبىدە يامان كۆرسۇن!) دىلىدا نارازى بولغانلىق ئەڭ ئاجىز ئىماندۇر››.      مۇسلىم رىۋايىتى).

